


قوش ئايلىق ژۇرنال
2018 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 165 ـ سان)




باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**
**مەمەتيۈسۈپ ياسىن**
**باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر** ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى: «مىراس»** ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
**CN65 - 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 - 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: **mirasuyghur@126.com**
**چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM**
**ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## ئايدىڭ كېچىلەر

پارتىيە شەنىگە ........................ نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى (1)
مۇھەببەت قوشاقلىرى .................................................. (29)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

خەلقىمىزدە ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكى - - - مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (4)
ساتىراشلىق توغرىسىدا .......................... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى (70)

## ئادەت قېرىماس

مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى ھەققىدە ........................ غالىپ ئەرشىدىن (8)
توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىمىز ھەققىدە ........................ ياسىن راشىدىن (10)
كوسەي ھەققىدە ئىزدىنىش ........................ مەريەم كەنجى ھىدايى (12)
قىچا ............................................ قۇربانجان ئابلىكىم (20)
ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ۋاستىلىرىمىز ...... مۇھەممەدجان ئىسمائىل پۇناقى (22)
بۆشۈك توي ھەققىدە ................................... تاش توختى (34)
كاتتايلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئادىتى - - - تۇرغۇن پەيزۇللا يۇلغۇن (37)
ئاۋات ناھىيەسىدە ئېرىق بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى ..........
........................................ تۇرغۇن مىجىت قادىرى (42)
دولان مۇقامىدا ئىپادىلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى - - - باتۇر داۋۇت قۇربىغار (45)
قاپاق ئۆستۈرۈش ھەققىدە ........................ نۇرمۇھەممەت ئىمىن (48)

# جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى!

## يورۇق يۇلتۇزلار

قومۇلنىڭ قىيقاس بېيىت ۋارىسى قادىر سالى ... ھەجەرگۈل يۇنۇس (16)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

دانىشمەن قىز ........................................ (50)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

تاشچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (52)
پەيزاۋات مەشرەپلىرىدىكى خاسلىقلار --- نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى (74)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 35 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 35 يىللىق شانلىق تارىخىدا 165 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدىكى ماي بوياق رەسىمنى كېرەم نەسىردىن سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-بەتتىكى سۈرەتلەرنى روزىتوختى تۇرسۇنىياز لايىھىلىگەن
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ھۆسەن قاسىم تەمىنلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

民族共同团结一家亲，
共圆中国梦！

主编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编审）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
买买提玉素甫·牙生
主管：新疆维吾尔自治区文学
艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好
南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：
ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元
Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# پارتىيە شەنىگە

**نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى**

كەڭرى، داغدام يول ياساپ،
چىنار تىكتۇق بويىغا.
ياڭرىتىمىز ناخشا-كۈي،
پارتىيەنىڭ تويىغا.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە،
تاغلار روشەن كۆرۈنەر.
پارتىيەنىڭ مېھرىدىن،
تەن يايراپ، جان سۆيۈنەر.

داڭ چىقاردى جاھانغا،
يۇرتىمىزنىڭ مېۋىسى.
پارتىيەگە تەلپۈنەر،
خەلقىمىزنىڭ يۈرىكى.

كەنجى تاۋۇز تېرىدۇق،
بۇغداي ئورنى ئېگىزغا.
پارتىيەنىڭ شەپقىتى،
ئوخشار چەكسىز دېڭىزغا.

ئەگىز كەلسە ئۆستەڭگە،
سۇلار تولۇپ ئاقىدۇ.
پارتىيەنىڭ سۆزلىرى،
يۈرەككە بەك ياقىدۇ.

باغنى باغۋەن باقىدۇ،
بۇلبۇل قانات قاقىدۇ.
پارتىيەگە مۇھەببەت،
دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۇزۇر بېرەر دىماققا،
رەيھانگۈلنىڭ پۇرىقى.
چۈشتى مېيىپ- ئاجىزغا،
پارتىيەنىڭ يورۇقى.

كۆپەيمەكتە كۈنسېرى،
پۇل، بىسات ۋە مېلىمىز.
پارتىيەنىڭ مېھرىدىن،
يايراپ كەتتى دىلىمىز.

ئايلانماقتا چۆل- ئېدىر،
بۈگۈن باغ- بوستانغا.
پارتىيەنىڭ شەپقىتى،
سىغماس تۈمەن داستانغا.

بىنەم ئاچتۇق يەڭ تۈرۈپ،
كۈچنى توپلاپ بىلەككە.
يەتكۈزمەكتە پارتىيە،
بىزنى ئارزۇ- تىلەككە.

ئىتتىپاق بىز، ئىناق بىز،
يوق ئاداۋەت، غەلۋىمىز.
پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدىن،
ئىللىپ كەتتى قەلبىمىز.

كۆچەت تىكسەك باغلارغا،
مېۋە بەردى چېچەكلەپ.
پارتىيەمىز غەلىبىگە،
ماڭدى بىزنى يېتەكلەپ.

بەكمۇ ياخشى ئوخشىدى،
يېڭى باغنىڭ ئۆرۈكى.
غەمخورىمىز پارتىيە،
بەختىمىزنىڭ تۈۋرۈكى.

سېلىۋالدۇق يېڭى ئۆي،
ئەتراپى تال- باراڭلىق.
پارتىيەنى كۈيلەيمىز،
ناخشىمىزدا جاراڭلىق.

يېڭى باغنىڭ كۆچىتى،
كىردى بۇ يىل مېۋىگە.
تەڭ كەلمەيدۇ ھېچنېمە،
پارتىيەنىڭ مېھرىگە.

سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە،
كۆردۇق نۇرلۇق چولپاننى.
ئۇلۇغلايمىز بىر ئۆمۈر،
پارتىيە- قەدىردانىنى.

شەربەت تامار باغ قىلدۇق،
تىكىپ ئانار، ئۈزۈمنى.
پارتىيەمىز يۈرگۈزدى،
ياخشى سىياسەت تۈزۈمنى.

كۈزدە تىككەن سۇۋادان،
كۆك ئاسمانغا سوزدى باش.
پارتىيەگە خەلقنىڭ،
قەلبى مەڭگۈ بىر تۇتاش.

مېھمان كەلسە ئۆيۈمگە،
ناۋات سېلىپ چاي بەردىم.
پارتىيەگە يۈرەكنىڭ،
قات- قېتىدىن جاي بەردىم.

سېلىپ بەردۇق يەم قىلىپ،
كەپتەرلەرگە تېرىقنى.
يەڭگىللەتتى پارتىيە،
يەلكىمىزدىن سېلىقنى.

ئاخشام چىققان شامالدا،
كۆپكۆك ئاسمان سۈزۈلدى.
كومپارتىيە بولغاچقا،
ئەل خۇشلۇققا چۆمۈلدى.

يېڭى تونۇر ئوخشاتتى،
توقاچ بىلەن زاغرىنى.
پارتىيەنىڭ شەنىگە،
چالدۇق راسا ناغرىنى.

ئۇرۇمچىگە بارغۇچە،
باستۇق نەچچە داۋاننى.
قەدىرلەيمىز مەڭگۈگە،
بۇ بەختىيار زاماننى.

ئاخشام چىققان ئاينىڭكى،
ئىككى ئۇچى ئورغاقتەك.
پارتىيەنىڭ شەپقىتى،
ئوقچۇپ تۇرغان بۇلاقتەك.

دامبىسىنى ئۇستەڭنىڭ،
مەزمۇت قىلىپ ياسىدۇق.
پارتىيەنىڭ دەۋرىدە،
قىزىلگۈلدەك ياشنىدۇق.

سۈيىمىزنى مول قىلدى،
ھويلىمىزنىڭ قۇدۇقى.
كومپارتىيە جاھاندا،
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى.

كۆچەت تىكىپ كۆكەرتتۇق،
يېڭى ئۇستەڭ بويىنى.
ئۇنتۇمايمىز مەڭگۈگە،
پارتىيەنىڭ مېھرىنى.

ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە،
قۇياش چىقىپ نۇر چاچار.
كومپارتىيە نىشانغا،
بىزنى باشلاپ يول ئاچار.

ھويلامدىكى ئۈزۈمنىڭ،
شېكەر يەتمەس تەمىگە.
مىڭ تەشەككۇر ئاز كېلەر،
پارتىيەنىڭ شەنىگە.

قاغجىرىغان قاقاس ساي،
ئەجرىمىزدە كۆكەردى.
كومپارتىيە باش بولۇپ،
قەددىمىزنى كۆتۈردى.

قاتار ـ قاتار تېرەكلەر،
يولغا سايە تاشلىدى.
كومپارتىيە بولغاچقا،
ۋەتەن گۈللەپ ياشنىدى.

ئېگىز ئۆسكەن ئورمانىنى،
مۇستەھكەم سېپىل دەيمەن.
كومپارتىيە بەختىيار،
چاغلاردا كېپىل دەيمەن.

يېڭى ئۆينىڭ تېمىغا،
سۈرەتلەرنى چاپلىدۇق.
پارتىيەمىز كۈچ بەرگەچ،
بۆلگۈنچىنى بابلىدۇق.

كۆچەت تىكىپ ئۆزگەرتتۇق،
زەي يەرلەرنى ـ شورلۇقنى.
پارتىيەمىز بولغاچقا،
تارتمىدۇق بىز خورلۇقنى.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن،
تولدۇردۇق لىق كۆللەرنى.
پارتىيەگە ئەگىشىپ،
بوستان قىلدۇق چۆللەرنى.

يايلاقلاردا ئوتلايدۇ،
ئات، كالا، ھەم قويىمىز.
پارتىيەمىز مېھرىدە،
كۆككە يەتتى بويىمىز.

كەتمەن چېپىپ ھارمايمىز،
ئىشتا پىشقاچ بىلەكلەر.
پارتىيەگە ئەگەشكەچ،
ئىشقا ئاشتى تىلەكلەر.

توخۇ، غاز، توشقان باقتۇق،
گۆش، تۇخۇم بار ئۆيلەردە.
پارتىيەنى كۈيلەيمىز،
ياڭراتقان ھەر كۈيلەردە.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەد سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇدىر، ۋىراچ)



MIRAS

# خەلقىمىزدە ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكى



**مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن**

خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا چوڭ ھويلا ـ ئارانلىق باغلىرىغا كارىۋات قويۇپ ياكى سۇپىلارنى ياساپ، ئۈستىگە كىگىز، گىلەملەرنى سېلىپ، ئەتراپىغا چوڭ قازانلارنى ئېسىپ، تائام تەييارلاپ يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئەل ـ جامائەتكە ئاش بېرىپ بولغاندىن كېيىن نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، مەشرەپ ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتقان، بۇنداق پائالىيەتلەر بەزىدە ئۆي ئىچىدە ئۆتكۈزۈلسە، بەزىدە دەريا، ئۆستەڭ، كۆل بويلىرىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق پائالىيەتكە مەلۇم مەھەللە كىشىلىرى قاتناشقاندىن سىرت، يېقىن ـ يىراقتىن كەلگەن ھەر خىل كەسىپتىكى كىشىلەرمۇ خالىس داخىل بولاتتى، ھەتتا بۇنداق پائالىيەتلەر بۇ مەھەللىدىن ئۇ مەھەللىگە، بۇ يۇرتتىن ئۇ يۇرتقا كۆچۈپ يۈرۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇنىڭ نامىنى گەرچە ساياھەت دەپ ئاتىمىساقمۇ لېكىن مەزمۇن، شەكلى، ھازىرقى زامان ئائىلە ساياھەتچىلىكىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ساياھەتچىلىك دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلغان كەسىپلەرنىڭ بىرى. بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار، مەرىپەتپەرۋەر بايلار، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى ياشلار، تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپ، سودا، ئىدىيە يېڭىلىق ئىزدەش، ساياھەت بىرلەشكەن يېڭىچە ئەندىزىنى قوللىنىپ ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن رايونىمىزدا ساياھەتچىلىك ئۈچ قاندەك تەرەققىي قىلغان كۆپ خىل ساياھەت تۈرلىرى بىرلەشكەن ساياھەتچىلىك ئەندىزىسى شەكىللەندۇردى. ئائىلە ساياھەتچىلىكى مانا مۇشۇ ساياھەت تۈرلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان، تەرەققىي قىلىۋاتقان، مۇكەممەللىشىۋاتقان،

ساياھەتچىلىكنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە تېزدىن ئۇيغۇن.
لىشىۋاتقان ساياھەت تۈرلىرىنىڭ بىرى.

**1 ـ ئائىلە ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ ئالاھى.
دىلىكى**

ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكى دۆلەت ياكى شەخسىي
شىركەتلەر مەبلەغ سېلىپ تەييارلىغان، ھۆكۈمەت ئورۇنلى.
رى تەرىپىدىن ساياھەت نۇقتىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنى.
غان، ھەق تاپشۇرۇش ئۆلچىمى بېكىتىلگەن، ساياھەت يې.
تەكچىلىرى ياكى چۈشەندۈرگۈچى بولغان، دەرىجە كۆر.
سەتكۈچى بولغان ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلى.
نىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ئەنگە ئې.
لىنغان ساياھەت نۇقتىلىرىدا ھۆكۈمەت تەلەپ قىلىنغان
بارلىق قانۇنىي رەسمىيەتلەر تولۇق بولغاندىن سىرت، ئا.
لاھىدە مۇلازىمەت خادىملىرى، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى
بولىدۇ. مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق ئايرىلغان
بولىدۇ. بۇنداق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بەزىلىرىگە غايەت
زور مەبلەغ سېلىنغان بولىدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان
بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ. ئەسلىھەلىرى يىلدىن ـ يىلغا يېڭى.
لىنىپ ماڭىدۇ. بىخەتەرلىك، قوغداش، قوغدىنىش تەدبىر.
لىرى مۇستەھكەملەشكەن بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى
شۇ ساياھەت رايونىنىڭ ساياھەتچىلىك شارائىتىنى ھازىرلى.
غان ـ ھازىرلىمىغانلىقىغا قاراپ دەرىجە كۆرسەتكۈچى بېكى.
تىپ بېرىدۇ. ئۆلچەمگە توشمىسا ساياھەتچىلەرنىڭ كىرد.
شى مەنئى قىلىنىدۇ. ساياھەت ئورۇنلىرى قايتا تەرتىپكە
سېلىنىدۇ، ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ شارائىتى پىششىپ يېتىل.
گەندە ئاندىن ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلىدۇ، بۇلار ئەڭ
ئاددىي ساۋات. بىراق ھويلا ـ ئاران ساياھىتى شەخسلەر.
نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھويلا شارائىتى، ئائىلە مۇھىتى،
ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارى، ئائىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھ.
ۋالى... دېگەندەك بىر قاتار ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن
ئېلىپ بېرىلىدۇ. شارائىتى، ئەمەلىي كۈچى بارلار كۆپرەك
مەبلەغ سېلىپ، ياخشىراق ساياھەت ئورنى بەرپا قىلسا بولى.
دۇ. شارائىتى، ئەمەلىي كۈچى ئاجىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا قاراپ ھويلا ـ ئاران ساياھەت ئورنى بەرپا قىلسا
بولىدۇ. ھويلا ـ ئاران ساياھەت ئورنىنى قانچە ياخشى باش.
قۇرسا شۇنچە ياخشى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولى.
دۇ. كۆپ مەبلەغ سالغانلار كۆپرەك، ئاز مەبلەغ سالغانلار
ئازراق نەپكە ئېرىشىدۇ. ھويلا ـ ئاران باغلىرى سەل
كەڭرى، مۇھىتى ياخشى، يوللىرى قولايلىق، ساياھەت مۇ.
لازىمىتىدىن خەۋىرى بار ئائىلىلەر ھويلا ـ ئاران ساياھىتى
بىلەن شۇغۇللانسا ئېنىقكى ھازىرقى شارائىتتا چوقۇم
ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ.

**2 ـ ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرى**

ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى
كۆپ، شەكلى ھەر خىل بولۇپ ھازىرقى زامان ساياھەتچى.
لىكىدە تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بىرى.
ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھويلا ـ
ئاران ساياھەتچىلىكى تۇرپاندا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا
كەلگەن بولۇپ كېيىنچە ئىلى، قەشقەر، ئاتۇش، ئۈرۈمچى
قاتارلىق شەھەرلەردە تېز تەرەققىي قىلدى. ھويلا ـ ئاران
ساياھەت تۈرلىرىمۇ شۇ شەھەرلەرگە بەكرەك ماس
كەلگەن بولغاچقا ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ نۇرغۇن
يېڭى ئەندىزىلىرى ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ
پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بەردى ھازىرچە ھويلا ـ
ئاران ساياھەتچىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلەر بو.
يىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**ئۇيغۇر بىناكارلىقىنى ئاساس قىلغان ھويلا ـ
ئاران ساياھەتچىلىكى**

ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۆينىڭ ئىچى، تېشىنىڭ ھەممىسى
پۈتۈنلەي ياغاچ ئويما، قىرما سەنئىتىنىڭ سەۋىيەسىدە بېزد.
لىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم تى.
جارەتچىلەر بىناكارلىقنىڭ بارلىق سەنئەت شەكلىنى قوللى.
نىپ، نەچچە ئون مىليون يۈەن پۇل خەجلەپ، بارلىق ئەس.
لىھەلىرى زامانىۋى بولغان ھەشەمەتلىك سارايلارنى بىنا
قىلدى. قەشقەر، ئاتۇش، ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە بېزەلگەن
سارايلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. يەنە غۇلجا، تۇرپان شەھرد.
دىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش سارايلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى
بولىدۇ. ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىدە كۆرۈش، ھوزۇرلى.
نىش ئاساس قىلىنغان بۇنداق ساياھەتچىلىك ھەرقايسى مىل.
لەتلەرگە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان
قىلدى، ھازىر بۇ خىل ساياھەتچىلىك ھەرقايسى ئەل سايا.
ھەتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۇرى تۇرپان، غۇلجا،
لوپنۇر... قاتارلىق جايلاردا ئەڭ تېز ئومۇملىشىۋاتقان سا.
ياھەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھويلىدىكى ئۈزۈم بارد.
ڭى ئاستىغا كارىۋات قويۇلىدۇ ياكى بولمىسا ھويلا بېغىغا
يەنى سايە ياخشى چۈشىدىغان بىرەر ئورۇنغا ئون نەچچە
ئەتراپىدا ئادەم سىققۇدەك كارىۋات ياكى سۇپا تەييارلاپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قويۇلدۇ، ھويلىغا كىچىكرەك بىر ئاشخانا تەييارلىنىدۇ. ساياھەتچىلەر ھويلا بېغىدا سالقىندىغاچ دەم ئالىدۇ. يەرلىك تائاملاردا تاماقلىنىدۇ، بۇ خىل ساياھەت تۈرى تۇرپاندا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ھازىر غۇلجا شەھەرىدە تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ساياھەت تۈرىگە كۆپ مەبلەغ كەتمەيدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ مەقسىتىمۇ ئەنئەنىۋى ھويلا - ئاران مەدەنىيىتىنى كۆرۈش، يەرلىك مىللىي تائاملارنى تېتىپ بېقىش بولغاچقا مىللىي تائاملار ياخشى ئوخشىسىلا ساياھەتچىلەرنى ئۇبدان جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. تۇرپان، غۇلجا خەلقى بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۈرىنىڭ ياخشى ئىستىقبالىنى يارىتىۋاتىدۇ .

## مېھمانخانا، ئاشخانا، ھويلا - ئاران ساياھىتى بىرلەشكەن ساياھەتچىلىك

بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۈرى مېھمانخانا تىجارىتىنى ئاساس قىلىپ، يولغا قويۇلغان ساياھەت تۈرى بولۇپ، بېيىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋۋال مېھمانخانا بەرپا قىلىپ ئاندىن مېھمانخانىنىڭ ئارقا ياكى يان ھويلىسىدا ئارام ئالىدىغان كىچىك باغچە ياساپ مېھمانخانىغا چۈشكەن ساياھەتچىلەر ئاۋۋال كىچىك باغچىدا كەچنى ئۆتكۈزىدۇ، بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۈرى سەھرالاردا تازا روناق تېپىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ شەھەرلەردە خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىۋاتىدۇ، ئايرىم ھەق ئېلىنمايدۇ، پەقەت مېھمانخانىغا چۈشكەن ئادەملەر ئۈنۈمدىن خالىس ھۇزۇرلىنىدۇ.

باغ ساياھىتى بۇ خىل ساياھەت ھويلىسىدا باغ بىنا قىلغان ئائىلىلەر يولغا قويغان ساياھەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ساياھەت تۈرىدە ساياھەتچىلەر ھويلا ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېمەيدۇ، كېچىسى قونمايدۇ، پەقەت ھويلىدىكى باغنى ساياھەت قىلىدۇ. باغنىڭ مېۋىلىرىنى تېتىپ باقىدۇ، باغنى ئايلىنىدۇ، باغ ھاۋاسىدىن، باغ مېۋىسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. مۇۋاپىق ئورۇن بولسا ئازراق دەم ئالىدۇ ياكى قىسقا بىرەر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۈرى ھازىر ھەرقايسى جايلاردا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتى.

ھويلا - ئاران قىزىل ساياھىتى بۇ خىل ھويلا - ئاران قىزىل ساياھەت تۈرى ھەرقايسى يۇرتلاردا خېلى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ھەرقايسى يۇرتلاردا بىر قىسىم كىشىلەر ھەر خىل بۇيۇملارنى يىغىپ، بىرەر ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ، يىغقان بۇيۇملارنى رەتلەپ، چۈشەندۈرۈش يېزىپ، مەخسۇس جازىلارنى ياسىتىپ، يىغقان بۇيۇملارنى رامكا ئىچىگە ئېلىپ خېلى ئوبدان ساياھەت نۇقتىسى بەرپا قىلدى. بۇ خىل ساياھەتچىلىك تۈرى ھازىر يىراق ۋە يېقىندىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلماقتا، ياش ئەۋلادلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەشتە، ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشتا ياخشى رول ئوينىماقتا.

قورۇ ساياھىتى قاراقاش ناھىيەسىدىكى شاخلىق قورۇسى ئۆي، كۆل، باغچە بىرلەشكەن ئالاھىدە قورۇ، ھازىرقى ئورنى بەش مودىن كۆپرەك كېلىدۇ. قورۇ ھېلھەم ئەينى يىللاردىكى ھەيۋەتلىكىنى ساقلاپ قالغان. گۇما ناھىيەسى قارا تاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇردى ھاجىم قورۇسى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىلىرىدا سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۈچ ئايۋان بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ باشقا ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكى ئايۋانغا قارىتىپ ئېچىلغان.

يۇقىرىدا ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ بىر قىسىم تۈرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. ھازىر ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مىللىي تائاملىرىمىزنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىشكە قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا گۆشنى ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلنى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كالا، تۆگىگە ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارنى پۈتۈن تونۇرغا سېلىپ، كاۋاپ قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. كاۋاپنىڭ تۈرلىرىمۇ نەچچە ئون خىلغا يەتتى، بۇ خىل ئەھۋالمۇ ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرىنى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشكە تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ، ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشى، يېڭى ساياھەتچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىپ بەردى .

## 3- ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

ھويلا -ئاران ساياھەتچىلىكى يېڭىدىن شەكىللەنگەن، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىستىقباللىق كەسىپ. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىگە ئانچە كۆپ مەبلەغ سالمىسىمۇ

ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئاچقىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلار، روھىي كەيپىياتى، جەمئىيەت ئېڭى، كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرىلار. بۇنداق ئىكەن ئۇلار مەيلى پۇل خەجلەشكە كەلسۇن ياكى باشقا تەرەپلەردىن بولسۇن ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىگە نىسبەتەن ئالاھىدە نەزەرى بىلەن قارايدۇ. بۇنداق شارائىتتا ھويلا - ئاران ئىگىلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، مۇلازىمەت تۈرلىرى، مۇلازىمەت سۈپىتى، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بارسا ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدىن كۆڭۈلدىكىدەك مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدە تىل ئۆتكىلىمۇ ناھايىتى مۇھىم، بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن ھېچ بولمىغاندا بىرەر كىشى كۆپ بولغاندا بىر نەچچە خىل، ئاز بولغاندىمۇ بىر ئىككى خىل تىل ئۆگىنىپ، بۇ ئارقىلىق ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىشى كېرەك. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بولمىسا مۇقىم بولغان ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۆلچىگىلى بولسىمۇ لېكىن مەنىۋى قىممەتنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئۈنۈمىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بىز ھويلا - ئاران ساياھىتىنى جانلاندۇرۇش بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىگىمۇ قاتنىشىپ بېقىشىمىز، ئۆزلىرىمىزمۇ ساياھەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭمۇ جەمئىيەت، تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىممىزنى موللاشتۇرۇشىمىز، ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدە ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى كۆپ تەرەپتىن كۆزەتكەندە بىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ مەنىۋى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. ئۇ كىتاب، مەكتەپ، جەمئىيەت بىزگە بېرەلمىگەن نۇرغۇن بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ. بىزنى ئەمەلىي كونكرېت، رېئاللىق بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ، بىۋاستە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. بىۋاستە تەسىراتقا چۆمدۈرىدۇ، شۇڭا ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك.

**4- ھويلا- ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ مەنىۋى قىممىتى**

ساياھەتنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇ كۆرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ قاتاردا بەزىلەر خاتىرە قالدۇرىدۇ، سۈرەتكە تارتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ نەزەرى قانچىكى گۈزەل نەرسىلەرگە چۈشسە شۇنچە خۇشال بولىدۇ. شۇنچە ھۇزۇرلىنىدۇ، نەزەر دائىرىسى شۇنچە كېڭىيىدۇ، جەمئىيەت، تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. بەزى پىسخولوگلار ھەتتا ساياھەتچىلىكنى مەكتەپ تەربىيەسى ياكى كىتابىي بىلىمدىن ئارتۇق بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسى قانچە كېڭەيگەنسېرى بىلىم جۇغلانمىسى شۇنچە زاپاسلىشىدۇ. بىلىمى كۆنسېرى موللىشىپ بارىدۇ، بۇ ساياھەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي تەرىپى. رايونىمىزنىڭ ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدە بولسا مەيلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر بولسۇن ياكى چەت ئەللەردىن كەلگەنلەر بولسۇن ئاساسەن خەلقىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۇغراپىيەلىك ياشاش شارائىتى، ئائىلە مۇھىتى، مەدەنىيەت شەكلى... قاتارلىقلارنى بىلىش، كۆرۈش مەقسىتىدە كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئائىلىۋى ھويلا - ئاران ساياھىتى، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، تىل، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەيلى ساياھەت قىلغۇچى بولسۇن ياكى ساياھەت قىلىنغۇچى بولسۇن ئوخشاشلا مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ساياھەتچىلىك ياراتقان مەنىۋى قىممەتنى ئىقتىسادىي قىممەت بىلەن ئۆلچىگىلى بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى قىممەتنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئۈنۈمىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ھازىر ساياھەتچىلىك دۇنياۋى قىزغىنلىققا ئايلاندى. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىدە ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى كۆپ تەرەپتىن كۆزەتكەندە بىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ مەنىۋى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز، شۇڭا ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى ھەققىدە

غالىپ ئەرشىدىن

مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى «يېڭى گۈللىنىش كەسىپ» سۈپىتىدە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، مەيلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولسۇن ياكى شىنجاڭدا بولسۇن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەتتە تۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەسىرىدە جايلار مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىگە كۈچەپ مەبلەغ سېلىپ ئۆز جايلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى خاسلىقى ئارقىلىق شۇ جاينىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە قومۇل بوستانلىقىدىمۇ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ساياھەت ۋەزىيىتى شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن قومۇلنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ»كە ئايلاندى.

قومۇلنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرى چوڭ جەھەتتىن ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرى، مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قومۇلنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ئۈۋرغول رايونى قارادۆۋە بازىرىنىڭ 20 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئەسكىشار خارابىلىكى، قارادۆۋە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لاپچۇق قەدىمىي شەھىرى، ئۇنىڭ سەل شىمالىدىكى تايزاڭ بۇددا خارابىلىكى، قومۇل ۋاڭلىرى مەغپىرەتلىكى، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ تەقلىدىي ئوردىسى، قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى، قومۇل مۇزېيى، قىزىل ئارمىيە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى، نوم كارساڭ خارابىلىكى، نېرىنكىر يايلىقىدىكى ئاۋازلىق قۇمتاغ، نوم توغراقلىقى نېرىنكىر يايلىقى، ئاقتاش، بارىكۆل يايلىقى، باغداش، سەرۋەك، زۈركى، ئاراتام، قاراغول، قوغۇن باغچىسى، بوغاز چۆللۈكى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرە نۇقتىلىرى قومۇلنىڭ گۈزەل ساياھەت نۇقتىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قومۇلنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بارىكۆل ناھىيەسىدىمۇ ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆپ، قومۇلنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىدىن باشقا، مەنىۋى مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىمۇ كۆپ ھەم ئۆزگىچە، بۇ خۇسۇستا تېكىست ۋە ئاھاڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان

قومۇل مۇقاملىرى، قومۇل چاشمىلىقى، قومۇل شېۋىسى،
قومۇلنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەت خاسلىقلىرى قومۇلنىڭ
پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈپى-
تىدە نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىدە ئۆزىنىڭ
ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قومۇلغا كېلىدىغان ساياھەت-
چىلەر ھەسسىلەپ كۆپەيدى، قومۇلنىڭ تونۇلۇش دەرىجە-
سى ئۆسمەكتە، ئىجتىمائىي تەسىرى بارغانسېرى ياخشىلان-
ماقتا، بۇنداق بولۇشىدا قومۇلنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدە-
نىيەت بايلىقلىرىنىڭ رولى چوڭ. بۇ خۇسۇستا ماددىي، مە-
نىۋى مەدەنىيەت ساياھىتى ئورۇنلىرىدىن قومۇل مۇقام
مەركىزى، قومۇل ۋاڭلىرى مەغپىرەتلىكى، قومۇل مۇزېيى-
نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى دۆلەت ئىچى
ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر قومۇل ساياھىتىدە بۇ
جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلماي قالمايدۇ، يېقىندا بۇ يەردە
يېڭىدىن ئېچىلغان قومۇل قەدىمىي شەھەر قومۇل ۋاڭلىقى
سېگىر قوۋۇق كوچىسى مۇشۇ ئەتراپنىڭ ساياھەتچىلىكىگە
يېڭىلىق ئاتا قىلدى، بۇ كوچىدا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى،
يەرلىك تاماقلار بازارغا سېلىنىپ بۇ ئەتراپنىڭ ساياھەتچى-
لىكىگە يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. قومۇلغا كەلگەن سايا-
ھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار ئىچىدە قومۇل مۇقام مەركىزىگە
كېلىدىغانلار ئەڭ كۆپ نىسبەتتە بولۇپ، كۈندە دېگۈدەك
ھەر خىل ساياھەتچىلەر، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر،
ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە باشقا ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئا-
يىغى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئالاقىدار ئورۇنلار بۇ مەركەز-
نىڭ جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە
كىچىك دائىرىدە بولسىمۇ قومۇل ئۆرپ-ئادەت مۇزېيى
تەسىس قىلدى، خېنەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى بىر
مىليون يۈەنلىك قەدىمكى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىئانە
قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قومۇل مۇقام مەركىزىنىڭ ئۇنۇېر-
ساللىقى ئاشتى. شۇڭلاشقا قومۇلنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىغا
قىزىقىدىغانلار قومۇل مۇقام مەركىزىنى زىيارەت قىلماي
قالمايدۇ. بەزىلەر 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ
ئۇلۇغۋار بىنانى مۇقام مەركىزى دەپلا چۈشىنىدۇ، ئەمەل-
يەتتە مۇقام مەركىزى قومۇل شەھەرلىك غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىي قارمى-
قىدىكى بىر ئورۇننىڭ نامىدىنلا ئىبارەت. قومۇل شەھەر-
لىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق
قىلىش مەركىزىنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە قومۇل شەرقىي
تەڭرىتاغ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى،
قومۇل ئۆرپ-ئادەت (فولكلور) مۇزېيى، قومۇل شەرقىي
تەڭرىتاغ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى
رەسساملار يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ بار. بۇ ئورۇنغا
يەنە «ياچاڭ» مەدەنىيەت گۇرۇھى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتې-
تى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ قومۇل ئەنئەن-
ۋى ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى سارىيى، مەركىزىي مۇزىكا
ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللىي
مۇزىكا تەتقىقاتى، ئوقۇتۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بازى-
سى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىنىڭ غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش، تارقى-
تىش بازىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇ-
تى مىللەتشۇناسلىق ۋە فولكلور پىراكتىكا بازىسى، قومۇل
شەھىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، قومۇل
تېخنىك ئىشچىلار ئىنستىتۇتىنىڭ پىراكتىكا بازىسى قاتار-
لىق تاختايلارمۇ ئېسىلغان بولۇپ، بۇ ۋىۋىسكا ۋە تاختاي-
لاردىن قومۇل شەھەرلىك غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا
ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنىڭ مۇقام
بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كە-
سىپلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەركەزنىڭ «مە-
دەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش» چاقىرىقىنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى بازارغا
يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتى-
مائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش
ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
ئېڭى، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر، قالاق ئىدىيە ساقىندىلى-
رى، شۇنداقلا ئەسەبىيلىككە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن يېتەكچىلىك
رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى
نۇقتىلىرىغا، مەنزىرىلىك جايلارغا ئېلىپ بېرىپ «تەبىئىي
تەربىيە» بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا كۈتۈلمىگەن ئەمە-
لىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنى
مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى ئورۇنلىرى ۋە تەبىئەت بىلەن
پات - پات ئۇچراشتۇرۇپ تۇرۇش ئۇلارنى ئىدىيە جەھەت-
تە ئەتراپلىق تەربىيەلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: قومۇل ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**

www.uyghurkitap.com



# توي - تۆكۈن ئادەتلىرىمىز ھەققىدە

**ياسىن راشىدىن**

توي قىلىش بىر ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىشى.

تۆۋەندە مەن خوتەن خەلقىنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرماقچىمەن. خوتەننىڭ توي ئادەتلىرى باشقا رايونلارغا قارىغاندا نىسبەتەن ئاددىيراق بولۇپ، ئەنئەنىلەر ساقلاپ قېلىنغان، لېكىن بەزى ئورۇنلارنىڭ يېزىلىرىنىڭ توي ئادەتلىرىدە بەزى پەرقلەر بار.

توي تەييارلىقى: ئاساسەن ئىختىيارلىقى ئۆز خىلى بىلەن يەنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، گۈزەللىك، ياش پەرقلىرى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئىقتىسادىي شارائىتى نىسپىي شەرت قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ زىيالىي، تەربىيە كۆرگەن ياشلار يۇرتى، ئىقتىسادىي شارائىتى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ.

ئەلچى قويۇش: توي ئوبيېكتى قىلىنغان قىزغا ئوغۇل تەرەپ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن (ئاتا-ئانا تەرەپ) گەپ-سۆزى جايىدا بىر كىشى قوشنىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئاددىي چايدىن كېيىن قىز تەرەپكە ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى، خۇي پەيلى، ئەخلاقىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بۇلارنىڭ رىزقلىرى قېتىلسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قىز سوراش ئىلتىماس قىلىدۇ.

قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى قىز ئوقۇش يېشىدا ياكى ھۈنەر ئۆگىنىش باسقۇچىدا بولمىسىلا، قىزنىڭ رازىلىقى بىلەن دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— ئۆزلىرىدىن نېمىنى ئايايتتۇق، بوپتۇ، قىز بالا سىلىنىڭ بولسۇن، ئوغۇل ھەم بىزنىڭ... — دەيدۇ. ئوغۇل تەرەپ:

— بارىكاللا! بارىكاللا! قىزلىرى بىزنىڭ بولدى، رەھمەت ھەر بىرلىرىگە... دەيدۇ. ئەگەر قىزى ئوقۇش ياكى ھۈنەردە بولسا ئۆزرە ئېيتىدۇ ۋە سەۋر-تاقەت قىلىشقا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۈندەيدۇ. كېلىشكەنلەر قىزنى بەرگەندىن كېيىن قىز-ئوغۇل ئۇچرىشىپ مەسلىھەتلىشىپ «گۈل قويۇش» پەتىسىنى قىلىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. بىر ھەپتە ئىچىدە ئوغۇل تەرەپ تۇغقانلىرى 10 دىن 30 غىچە كىشى باشلاپ بېرىپ، «گۈل» قويۇش، مۇبارەكلەش

پەتسى قلندۇ، بەش-ئالتە داستخان تەييارلاپ ئۇنڭ برسگە قىز ئۇچۇن تەييارلانغان ئالتۇن زبۇ-زننەت، يەنە برىگە قزنڭ ئاتا-ئانسى ئۇچۇن چرايلق كيمەلك رەخت تەل قلنىپ قز تەرەپكە باردۇ ۋە بىر ئككى داستخاندن كېين ئەكەلگەن داستخان ئېچلدۇ. توينڭ ۋاقتى، تويلۇق مېلى توغرسدا قسقا سۆھبەت ئۆتكۆزدۇ، ئوغۇلنڭ ئارتۇقچلقى، مجەز-خۇلقى بايان قلنندۇ. (ئوغۇلمۇ بللە باردۇ)

قز تەرەپتن ئاتا بولغۇچى ياكى ۋەسلسى ئپادە بولدۇرۇپ، قزنڭ مجەز-خۇلقى، ئارتۇقچلقى ۋە يېتەرسزلكنى ئوچۇق بايان قلپ كېينكى تۇرمۇشنڭ ياخشى ئۆتۈشگە تلەكداشلق بلدۇردۇ. توي ۋاقتى كېلشلدۇ. تويلۇقنى بللە ئالسمۇ ياكى قز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ بەرگەن پۇلغا ئۆزى ئالسمۇ بولدۇ. تويلۇقنى ئوغۇل بلەن بللە ئالسا پۇلنى ئوغۇل تەرەپ چقردۇ، قز تەرەپ ئەقلگە مۇۋاپق تويلۇق مال تۇتدۇ. ئەگەر



قز تەرەپ ئلگرى باللق بولغان بولسا ياكى ئاتا-ئانسى يوق بولسا ۋەسلسى ئگە بولۇپ بالىغا ئېھتياجلق ئەرگە توي قلش توغرا كەلسە 2000 يۈەندن 5000 يۈەنگچە تويلۇق ئالدۇ، توينى تېخمۇ ئاددي قلدۇ، بۇنى هېچكم ئەيبلەپ كەتمەيدۇ.

ئەمما توي قلمغان قز-يگتنڭ توي بولۇشتن ئۈچ كۈن ئالددا ئقتسادي شارائت ئوخشاش بولماي قز تەرەپ نامراتلاردن بولسا توي تەييارلقغا زۆرۈر گۆرۈچ، ماي، گۆش هازرلاپ ياردەمدە بولدۇ، ئەگەر ئقتسادي ئەهۋالى ئوخشاش بولسا ياردەم تەلەپ قلشمايدۇ.

توي كۈنى ئەتگەندىلا ناغرا-سۇناي قاينايدۇ. قزنى ئوغۇل بلەن بللە تۇرغۇزۇپ نكاھ ئوقۇيدىغان ئادەتلەرمۇ ياكى قزنى ئايرم ئۆيدە قز قولداشلرى بلەن تۇرغۇزۇپ نكاھ ئوقۇيدىغان ئەهۋاللارمۇ تەڭ مەۋجۇت، لېكن قز تويلۇقى سورۇندا ئېچلمايدۇ، پەقەت چامادان بلەنلا قويۇلدۇ. نكاهتن كېين ئوغۇل تەرەپكە بىر قۇر كيىم سوۋغا قلنندۇ. كەچتە ئوغۇلنڭ ئۆيدە سائەت ئونغچە ئۆز هالىغا يارشا ئەر-ئايال مەشرەپ ئوينايدۇ، شۇنڭ بلەن توي تۈگەيدۇ. ئەتسى قز تەرەپتن ئككى، ئۈچ كشى ئەتگەندە ئوغۇل تەرەپكە ئاددي داستخان تەييارلاپ ناشتلق چاي ئەكلدۇ، قز تەرەپنڭ مېھمانلردن 10 ـ 20 كشى سائەت ئونلاردا يېنك داستخان تەييارلاپ يەنە ئايرم پەتلەپ كېلدۇ. ئوغۇل تەرەپ مېھمانلرمۇ چۈشتن كېين، يېڭى كېلننڭ ئۆيگە ئاددي داستخانلار بلەن كېلپ هال سورايدۇ، ئەمما قز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە بەزى جايلاردا بىرەر پارچە گلەم ياكى يوتقان-كۆرپە ياكى بىرەر ئېلېكتر سايمانلرى بلەن بېرش بىر خل ئادەت، لېكن كۆپ جايلاردا بۇنداق ئەهۋالنى قلمايمۇ بولدى قلدۇ. چۈنكى خوتەننڭ كۆپ قسم جايلردا ئائلە جابدۇقلرنى قز تەرەپتن ئوغۇل تەرەپكە يۆتكەش ئومۇملاشمغان، بۇنڭغا هېچكم ئاغرنش هېس قلمايدۇ. 2 ـ قېتملق نكاهتن كېين توي كۈندكى بېرش-كېلشتن باشقا 2 ـ كۈنى بېرش-كېلش قائدىلرى يوق، قز-يگتلا سالامغا كېلدۇ.

(ئاپتور: لوپ ناهيە چاهارباغ يېزا گجا قارقي كەنتدە)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كىيىم ھەققىدە ئىزدىنىش

مەريەم كەنجى ھىدايى

كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ زور ئىجادىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىي دۇنياغا قەدەم قويغان زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىبېشىنى ھەر خىل بۇيۇملار بىلەن ئوراش - چۈمكەش، كېيىنچە دەرەخ قوۋزاقلىرى، يوپۇرماق شاخلىرى بىلەن ئوراشتىن ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئۇستىگە ئارتىۋېلىش، ھايۋان تېرىسىنىڭ ئادەم بەدىنىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە يۇمران شاخلىرى بىلەن ھايۋان تېرىسىنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىدىن چىگىپ قويۇشتەك ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن. خەلقىمىز ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ ئېھتىياجى، ياشاش مۇھىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۈندىلىك ئوزۇقلىنىش، يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجى... قاتارلىقلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئاددىي كىيىنىشتىن بارا - بارا مۇرەككەپ كىيىنىشكە، ئېھتىياجغا ئاساسەن كىيىنىشتىن

گۈزەللىك تەلپىگە ماسلاشقان ھالدا كيىنىشكە قاراپ تە-
رەققىي قىلغان .

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات يەكۈنىگە
ئاساسلانغاندا يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجى، تۇرالغۇ جايغا
ئىگە بولۇش ئېھتىياجى ۋە كىيىم ـ كېچەك كىيىش ئېھتىيا-
جى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدى-
كى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئالدىنقى ئۈچ شەرتنىڭ بىرى
دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىنىم
تاپماي ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش جەريانىدا ھالسىراش،
يارىلىنىش، ھەتتا گۆشخور ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كېتىش-
تەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگىمۇ دۇچار بولغان. تەبىئەت
دۇنياسىنىڭ قەھرىتان سوغۇق جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىدىن،
پىژغىرىم ـ سەراتان ئىسسىقىدىن ئۆزلىرىنى قوغداپ پاناھ-
لانغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندا يالىڭاچ ياشاش-
تىن ئۆز بەدىنىنى شاخ ـ شۇمبا، ھايۋانلارنىڭ تېرىسى
بىلەن بەدىنىنى ئورىۋېلىش... تىن بىر بالداق مەدەنىيەت
قاتلىمىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۆلچەملەشكەن، سېپتىلاش-
قان، ئەپچىل مەدەنىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش ئومۇم-
لاشقان دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىيىم ـ كېچەكسىز ئىنسانلار
تارىخىنى تولۇق، مۇكەممەل ھالدا تەتقىق قىلىپ يورۇ-
تۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس .

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز
ياخشىلاش ئىستىكى بىلەن ئېلىپ بارغان تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا پۇتنى سوغۇقتىن ساقلاش، شېغىل تاش ۋە
قىيا تاش... لارنىڭ ئادەمنىڭ پۇتىنى زەخىملەندۈرۈشتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى پارچىلاپ، پۇتقا
يۆگەپ، تېرىنىڭ بىر نەچچە جايىدىن تېشىپ ھايۋانلارنىڭ
قۇيرۇق ۋە يايلىدىن پايدىلىنىپ ئەڭ دەسلەپكى ئاياغ
كىيىم كۆسەينى ئىجاد قىلغان.

خەلقىمىز ئۇزاق يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلى-
يىتى جەريانىدا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىپادىلەيدىغان
«كۆن» دېگەن ئىسمغا سۆز ياسىغۇچى «چى» قوشۇم-
چىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى پىششىق-
لاپ ئىشلىگۈچى ھۈنەرۋەننى كۆرسىتىدىغان «كۆنچى»
دېگەن ئىسمنى ياساپ چىققان.

كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى تەۋەسىدە، شۇنداقلا گۈزەل يۇرتىمىز باي ناھىيە-
سى تەۋەسىدە بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان
قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىدۇر.

تەۋەندىكى كۆنچى نامى ئاتالغان يەر ـ جاي ناملى-
رىغا قاراپ باقايلى

ئۈرۈمچى شەھرى — كۆنچى مەھەللىسى.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى — كۆنچى مەھەللە
كەنتى.

چەرچەن ناھىيەسى — كۆنچىبۇلاق كەنتى.

قاراقاش ناھىيەسى — كۆنچى كەنتى.

غۇلجا شەھرى — كۆنچى مەھەللىسى.

كورلا شەھرى — كۆنچى مەھەللىسى.

قورغاس ناھىيەسى — كۆنچى مەھەللىسى.

مارالبېشى ناھىيەسى — كۆنچى مەھەللە كەنتى.

ئاقسۇ شەھرى — كۆنچى مەھەللە كەنتى.

ئونسۇ ناھىيەسى — كۆنچى مەھەللە كوچىسى قاتار-
لىقلار.

باي ناھىيەسىدە زادى قاچانلاردىن باشلاپ كۆنچى-
لىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ باشلانغانلىقى ھەققى-
دە بىرەر يازما ماتېرىيال تېپىلمىغان بولمىسىمۇ، ئەمما
قىزىل مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، پۇتى-
غا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، ئارغىماق ئاتلارغا
مىنىپ، نەيزە ـ قىلىچ، ئايپالتا بىلەن قوراللىنىپ، ھەيۋەت
بىلەن سەپ تارتىپ مەغرۇر كېتىۋاتقان تام سۈرەتلىرىنى
كۆرىمىز.

بەزى ئاياللار ئوبرازى ئويۇلغان تام سۈرەتلىرىدە
قۇلىقىغا ھالقا سالغان، بويىنىغا زۇننار ئاسقان، بىلەكلىرىگە
بىلەزۈك، بارماقلىرىغا ئۈزۈك سالغان، چاچلىرىغا ئۇزۇن
لېنتا ئېسىپ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، پۇتلىرىغا ئۇزۇن
قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، خۇددى ھاۋادا لەرزان ئۇسسۇل
ئويناپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك قىياپەتتىكى تام سۈرەتلە-
رى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بەزى ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەردە ئۈستىگە ھايۋان-
لارنىڭ تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كىيىملەرنى
كىيىپ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق كۆسەي (پاشنىسىز
ئۆتۈك)، كىيىپ، ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان تۆگىلەرگە
مىنىپ، سەپ تارتىپ مېڭىۋاتقان تام سۈرەتلىرىنى خېلى
كۆپ ئۆيلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

باي ناھىيەسىدە دەريا ئېقىنلار، بۇلاق سۇلىرى كۆپ بولۇشىدىن سىرت، كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى بولغان چوڭ ـ كىچىك ھايۋانلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭلىرى يېتەرلىك بولغاچقا كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپىي مەدەنىيىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان .

ئەينى يىللاردا كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپىي مەدەنىيىتى ناھايىتى ئەتىۋارلىق، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ھەم پاكىز كەسىپكە ئايلانغان، شۇڭا خەلق ئىچىدە «تۈك ـ تۈك قىلار تۆمۈرچى، پۇلنى ئۇسار كۆنچى»، «يالاڭ ئاياغ قالسىمۇ كۆسەي كىيمەپتۇ»، «چاپاننىڭ يانچۇقى تېشىلەر، كۆسەينىڭ سۇنجىقى تېشىلەر» دېگەن ماقال ـ تەمسىل ئەل ئىچىدىن تارقالغان.

باي ناھىيەسىدە كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن ناھىيەمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدا كۆنچى نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە كەنتلەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ .

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. باي ناھىيە قىزىل يېزا بەگچى كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
2. باي ناھىيە قىزىل يېزا دۆڭشو كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
3. باي ناھىيە سايرام بازىرى سايرام كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
4. باي ناھىيە سايرام بازىرى يېڭىباغ كەنت مەيدە مەھەللە كۆنچى مەھەللىسى.
5. باي ناھىيە سايرام بازىرى چاڭچى بۇلاق كۆنچى مەھەللىسى.
6. باي ناھىيە سايرام بازىرى قارا دۆڭبۇلاق كۆنچى مەھەللىسى.
7. باي ناھىيە سايرام بازىرى قارا ياغاچبۇلاق كۆنچى مەھەللىسى.
8. باي ناھىيە توخسۇن يېزا روشەنبۇلاق كۆنچى مەھەللىسى.
9. باي ناھىيە توخسۇن يېزا كونشەھەر كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
10. باي ناھىيە كانچى يېزا كانچى كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
11. باي ناھىيە مىچىغ يېزا ئارچىغ كەنت كۆنچى مەھەللىسى.
12. باي ناھىيە ياقىرىق بازىرى چاقچى كەنت كۆنچى مەھەللىسى
13. باي ناھىيە ياقىرىق بازىرى ئارشو كەنت كۆنچى مەھەللىسى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى بىر قىسىم كۆنچى مەھەللىلىرىنىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس كۆنچى مەھەللە نامى بىلەن ئاتالمىغان بولسىمۇ ئەمما نەچچە ئەۋلاد جەمەتى كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ خېلى كۆپ، سايرام بازىرىدىكى كۆنچى ئەۋلادلىرىدىن مىسال كەلتۈرگەندىمۇ، يۈسۈپ سىدىق كۆنچى، زايىت سۇپۇرگە كۆنچى، مۇسا بايىز كۆنچى، ھىدايى تۆمۈر كۆنچى، مۇسا بايىز كۆنچى، سۇلايمان مۇسا كۆنچى، ئىمىن مەممەت كۆنچى، يۈسۈپ چاڭچى كۆنچى... قاتارلىق كۆنچىلەر 4 ـ، 5 ـ ئەۋلاد كۆنچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس كۆنچىلىك كەسپىنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.



2018 . 1

بەزى كۆنچىلەر كۆن، چەم، خۇرۇم ... قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارمىسىمۇ ئەمما ئات، ئېشەكلەرنىڭ، نوختا، ۋە هەر خىل هارۋا جابدۇقلىرى ئۈچۈن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغىچە تاسمىچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

باي ناهىيەسىدە دەريا ئېقىن، بۇلاق سۇلىرى كۆپ، كەڭرى كەتكەن يايلاقلاردا بېقىلىۋاتقان چوڭ - كىچىك چارۋىلارنىڭ تېرە مەهسۇلاتى يېتەرلىك بولۇشىدەك ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، باي ناهىيەسىدىكى قول هۈنەرۋەنچىلىك كەسپى — كۆنچىلىك ۋە موزدۇزلۇق كەسپىي خادىملىرىنىڭ ئۆز ئارا هەمكارلىقى بىلەن ئەينى چاغلاردا خەلقنىڭ ئېهتىياجى قانمايۋاتقان، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى هۈنەر كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

باي ناهىيە سايرام بازىرى شور مەهەللە كەنتىدىن 105 ياشلىق موزدۇز يۇسۇپ ئەخمەت، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆز مەهەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇزۇن قونچلۇق ۋە كالتە قونچلۇق كۆسەي تىكىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. باي ناهىيە ياتۇر يېزا ياتۇر كەنتىدىكى موزدۇز ئىسلام تۇقى گەرچە 85 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس موزدۇزلۇق هۈنەر كەسپىنى هازىرغىچە ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئەتىياز پەسلى ۋە كۈز پەسلىدە ئىسلام تۇقىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇزۇن قونچلىق كۆسەي، كالتە قونچلۇق كۆسەي، مەسە، خۇرۇم پايپاق ،... قاتارلىق ئاياغ كىيىملەرنى بۇيرۇتۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن، چۈنكى يۇسۇپ ئەخمەت، ئىسلام تۇقى قاتارلىق پېشقەدەم موزدۇزنىڭ تىككەن ئاياغلىرىنىڭ خۇرۇمى يۇمشاق، تىكىلىشى سىپتا، باهاسى مۇۋاپىق بولغاچقا ئۇلارنىڭ تىككەن ئاياغلىرىنىڭ داڭقى ناهىيە ئىچىدە مەشهۇر ئىكەن. ئۇلار تىككەن ئاياغلارنى كىيگەن ئادەم ئۆزلىرىنى شۇنچە راهەت هېس قىلىدىكەن، موزدۇزلۇقتىن قىلغان ئىقتىسادىي كىرىم ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداشقا يېتىدىكەن.

خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان جاپاغا چىداپ ئۈزلۈكسىز هالدا تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپىلەرنى ياراتقان، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە... قاتارلىق ياۋايى هايۋانلارنى بېقىپ كۆندۈرۈپ، ئۆي هايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىللە هەر خىل چارۋىلارنىڭ ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەهمىيەت بەرگەن.

سۈيى ئەلۋەك، مەخمەلدەك بىپايان يايلاق ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان بۇ زېمىندا چوڭ - كىچىك چارۋىلارنىڭ كۆپلەپ بېقىلىشى خەلقىمىزنى يېتەرلىك گۆش، سۈت، يۇڭ ۋە تېرە مەهسۇلاتلىرى بىلەن تولۇق تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، هەر خىل چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ كىيىم- كېچەك ۋە ئاياغ كىيىم مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

باي ناهىيە سايرام بازىرى، سايرام كەنتى ئاياغ تۆگمەنبېشى مەهەللىسىدە كوسەي لەقەملىك چوڭ بىر جەمەت بار. سايرام كەنتىدىكى پېشقەدەم مويسىپىت ۋەقەشۇناس كىشىلەردىن سوراپ ئاڭلىغان ئاغزاكى بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بويى ئېگىز، ئۇستىخانلىق تەمبەل كىشىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ پۇتى بەكمۇ چوڭ ئىكەن. شۇڭا ئادەتتىكى كۆن ئۆتۈك ئۇلارنىڭ پۇتىغا ماس كەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى كىشىلەر قىش ۋە ياز كۈنلىرى داۋاملىق هالدا ئۇزۇن قونچلۇق كوسەي، كالتە قونچلۇق كوسەي كىيىدىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سايرام كەنتىدىكى ئاهالىلەر ئۇلارغا كوسەي كىيىدىغان جەمەتلەر دەپ ئۇلارغا «كوسەي» دېگەن لەقەمنى قويغانىكەن. كوسەي لەقەملەك جەمەتلەر هازىر ئون ئائىلىلىكتىن ئاشىدۇ.

خەلقىمىز ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۈزلۈكسىز هالدا ئالغا ئىلگىرىلەش روهىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىجاد قىلغان ئەرەنچە، ئايالچە كىيىملەر قىشلىق، يازلىق كىيىملەرنىڭ هەر خىل تۈرلىرى، كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىم كىيىملىرى، هەر خىل تۈردىكى چالغۇ ئەسۋابلار، ئات مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ئاتنىڭ ئېگەر، توقۇم، ئاتنىڭ نوختىسى، ئۈزەڭگە، بەلباغ، قوشقۇن، ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇق، پاشىنىسىز ۋە پاشىنىلىق ئۆتۈك، تېرە ئىشتان، تېرە چاپان تېرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىملەر... بارا - بارا دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان هەمدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن .

(ئاپتور: باي ناهىيەلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتە)

مۇهەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قومۇلنىڭ قىيقاس بېيىت ۋارىسى قادىر سالى

هەجەرگۈل يۇنۇس

قىيقاس ــ مەشرەپنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىنىدىغان سۆز ئويۇنىدىن ئىبارەت.

قىيقاس بېيىتلىرى بولسا ــ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمى ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر. قىيقاس بېيىتلىرى ــ توپلاش، يىغىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە تۈر بولۇپ، ئۇ قومۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىيقاس بېيىتلىرى ــ نۆۋەتتە قومۇل مەشرەپ- سورۇنلىرىدا ئېجىل - ئىناقلىق ۋە بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ھەقىقي ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىگە ئايلىنىپ، يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشرەپ سورۇنلىرىنى قىزىتىپ كەلمەكتە... ھەر خىل تىپتىكى مەشرەپلەردە، ئىچىگە رەڭدار داستىخان سېلىنغان پەتنۇسنى قولىغا كۆتۈرۈپ، قىيقاس توۋلاپ قىزىقچىلىق قىلىپ، ئاھاڭدارلىق ۋە سۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كۆلدۈرۈۋاتقان... مۇقامچى، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلارنى مەدھىيەلەپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاۋاتقان، مەشرەپ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش رولىنى ئويناۋاتقان، بىر سەنئەتكار شەخسنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز... ئۇ بولسىمۇ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، قومۇلنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشۇۋاتقان، قومۇل بېيىت - قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان بېيىت ۋارىسى قادىر سالى. «قومۇل ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات يىغىنى»، «قوغۇن يۇرتىدا مەشرەپ»، «ئوردا مەشرىپى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى مەشرەپ سورۇنلىرىدا قىيقاس توۋلاپ «بېيىت

ۋارىسى» نامى بىلەن تونۇلغان قىيقاسچى قادىر سالى ــ 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قومۇل شەھىرى ئۆۋرغول رايونى پالۋانتۇر بازىرى، جىگدە بۇلاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1963 - يىلى 7 - ئايغىچە دۆربەجىن مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئوقۇپ، 1965 - يىلى 3 - ئايغىچە يۇرتىدا دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان.

قادىر سالى 1965 - يىلى 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1981 - يىلى 11 - ئايغىچە ئاراتۈرك ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدە كادىر، 1981 - يىلى 11 - ئايدىن 1995 - يىلى 6 - ئايغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك (ھازىرقى قومۇل شەھەرلىك) ج خ باشقارمىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىدە رازۋېدچىك ۋە رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، شۇ يىلى 6 - ئايدا پېنسىيەگە چىققان.

قادىر سالى ــ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ، قىيقاس تۇۋلاش ۋە بېيىت قوشاق ئېيتىشقا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1960 - يىللاردىن باشلاپ، جىگدە بۇلاق مەھەللىدىكى ئابدۇللا سادىق (1923 ــ 1996) قاتارلىق پېشقەدەملەردىن مەشرەپلەردە قىيقاس تۇۋلاشنى ئۆگەنگەن. 1965 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاراتۈرك ناھىيەسىگە چىققاندىن كېيىنمۇ، باي يېزىسىدىكى يەھيا ئەيسادىن (1921 ــ 1997) قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەرگە ئەگىشىپ، مەشرەپلەردە قىيقاس تۇۋلاشنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قومۇل ۋە ئاراتۈركتىكى توي - تۆكۈن، ھەر خىل مەشرەپ، ئاممىۋى پائالىيەتلەردە قىيقاس تۇۋلاپ، ئۆزىنىڭ قىيقاس تۇۋلاشتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە...

قومۇل شەھىرى ئۆۋرغول رايونى دۆربەجىن جىگدە بۇلاق مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قادىر سالى... كىچىكىدىنلا ئەل سەنئىتىنىڭ بۆشۈكىگە بۆلىنىپ چوڭ بولغاچقا، بېيىت قوشاق، مۇقام ئېيتىش، ھۆسنخەت يېزىش ۋە قىيقاس تۇۋلاش ــ ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ھەمرا بولۇپ كەلدى... شۇڭا ئۇ:

1 - 1993 - يىلى 8 - ئايدا قومۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «قومۇل ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات يىغىنى» ئېچىلىۋاتقاندا چوڭ - كىچىك مەشرەپلەردە قىيقاس تۇۋلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛

2 - 2005 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قومۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «قوغۇن يۇرتىدا مەشرەپ»كە قاتنىشىپ، قىيقاس تۇۋلاپ ئۆزىنىڭ قىيقاس تۇۋلاشتىكى تالانتىنى تولۇق نامايان قىلغاچقا، شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مۇقام مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، «1 - دەرىجىلىك قىيقاسچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان ۋە «شەرەپ گۇۋاھنامىسى»گە ئېرىشكەن.

3 - 2006 - يىلى قومۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئوردا مەشرىپى»دە قىيقاسچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلغان؛

4 - 2007 - يىلى ئاراتۈرك ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مەشرەپتە قىيقاسچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛

5 - 2009 - يىلى «قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى» ئۇيۇشتۇرغان ئۈچ ئايلىق مۇقام ئېيتىش پائالىيىتىدە، ئۇ قىيقاسچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛

6 - 2014 - يىلى قومۇل ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بېيىت ئېيتىش مۇسابىقىسىدە، «تۆھپە مۇكاپاتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

7 - 2014 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئۈزۈم بايرىمى» پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، پائالىيەتتە قىيقاسچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

قادىر سالى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىلمىي پائالىيەتلەردە قىيقاسچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن سىرت يەنە مۇقام ۋە قىيقاس تەتقىقاتىغا ئائىت يازغان بىر قىسىم ماقالىلىرى «قومۇل ئەدەبىياتى»، «قومۇل گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن سىرت «قومۇل مەشرەپلىرىدە ئېيتىلىدىغان قىيقاس بېيىتلىرى» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»نىڭ 2015 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىيقاس تۇۋلاش ۋە خەتتاتلىقتىن ئىبارەت تالانتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ كەلمەكتە...

تۆۋەندە مەن ئۇ تۇۋلىغان ئەجدادىي قىيقاسلارنىڭ قىسمەنلىرىنى رەتلەپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم:

باھار كەلدى، ياز كەلدى،
ئۆردەك بىلەن غاز كەلدى.

مۇقام ـ ناخشا ياڭرىتىپ،
ئوينايدىغان چاغ كەلدى...
پاراسەتلىكلەر ساخاۋەتتە، بۇگۈنكى ياخشى سىياسەتتە.
ئۆيدىن چىقىپ كۆرەيلى... بولۇپ سەيلە ـ ساياھەتتە!...
ھە يىگىتلەر ــــ بارىكالا قىيقاس!...
داپلىرىڭنى ئالساڭچۇ، سازلىرىڭنى چالساڭچۇ؟!...
ناخشىلىرىڭنى ياڭرىتىپ،
ئۇسسۇلچىلارنى ئۇسسۇلغا سالساڭچۇ...
تاماشىنى قىزىتىپ،
مېنى قىيقاسقا سالساڭچۇ...
قاقشالمۇ قاقشال، بايدا سۆكسۆك، نومدا قاقشال!
مەرىكىمىزگە كەلگەن مېھمانلار...
قىزىلگۈلگە ئوخشار!...
ھە يىگىتلەر... بارىكاللا قىيقاس!...
ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدىن،
تۇغۇلمىغان توشقان چىقتى.
كەسمىگەن چوماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
سوقمىغان پىچاق بىلەن بوغۇزلىۋىدىم،
قېنى چىقماي، جېنى چىقتى...
تۆت ئادەمگە باستۇردۇم...
بەش ئادەمگە سويدۇردۇم...
ئالتە پاقلان گۆش چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋۇسى.
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز.
يەنە بار تەڭ يامىسى...
قاقشالمۇ قاقشال ناخشا ئېيتقان،
ھېپىزلارنىڭ بېشىدىن گۈل ـ زەپەرگۈل قىيقاس!
قېرىلىقتىن ھال سورىسام...
ئاقاردىمۇ سېنىڭ باشلىرىڭدىكى قارا چاچلىرىڭ...
شۇ بۇ كۈنلەردە ــــ يەتتى سېنىڭ نەچچىگە ياشىڭ؟
ئىشتىھايىڭغا سىڭەمدۇ، ھەر ۋاقلىق يېگەن ئاشىڭ.
ساقمۇ سالامەتمۇ... ئايال ئۇششاق قوۋمى ـ قېرىنداشىڭ؟
تۈلكە تۇماقچى ئىدى، بۆرە چۇماقچى ئىدى،
سېغىزخان خەۋەرچى ئىدى، قۇيرۇقى يەردە ئىدى.
ئاقساقال بۇ يەردە ئىدى، ئىككى قىزى ئەردە ئىدى،
بىرى سەندە ئىدى، بىرى مەندە ئىدى.
بىرىنىڭ ئېتى «پاتمە» ئىدى، بىرىنىڭ ئېتى «زورە» ئىدى،
تۈگمەندە ئۇن تارتسام، ئۇننى شامالغا سورۇدى.
بۇ ئىشتىن خىجالەت بولۇپ، كېچىسى جۆيلىدى،
قاقشالمۇ قاقشال!...ئۇسسۇل ئوينىغانلارغا ھەشقاللا!
ھە، يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!

* * *

تاشار① يولى تاشلىقكەن، جۇگانلىرى قاشلىقكەن
تاشارنىڭ جۇگانلىرى... قومۇللۇققا ئاشقكەن.
يولنى تاشلىق دېگەن بىلەن، ماڭماي دېسە ياشلىقكەن،
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!

* * *

سۇمقاغا ②نىڭ يولىدا، ئېگىز ـ ئېگىز قېمىش بار،
ئۇسسۇل ئوينىمىغانلارغا مەشرەپلەردە نېمىش بار؟
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!
جۇجەملەر پىشىپ قاپتۇ، ئوقۇرۇق③ بىلەن قاقايلى،
ھېپىز④لار ھېرىپ قاپتۇ، ئەلەپ⑤ بېرىپ باقايلى...
ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ قاپتۇ، قەنچاي بېرىپ باقايلى،
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!
چىنە چىندان⑥ دىن چىقۇر، غېدىر⑦ خۇمداندىن چىقۇر،
تاشكۆمۈر ــــ تارانچىدىن چىقار، جىگىرتەك ياغدىن چىقار.
سۆكسۆك ئوتۇن بايدىن چىقار، قاقشال توغراق نومدىن چىقار،
ياخشى يارنىڭ كۆيۈكى ــــ جان تالاشقاندا چىقار...
ئۇسسۇل ئوينىغانلارغا ھەشقاللا...
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!

* * *

بىلىم ــــ بايلىق ئۈچۈن، زاراڭزا ــــ مايلىق ئۈچۈن،
تۆگە ــــ تايلاق ئۈچۈن، ئېتىزلىق دانلىق ئۈچۈن...
مەشرەپلەر ــــ كۈلكە ئۈچۈن...
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!...

* * *

قايناق سۇنى ئىچمىگەنلەر، دەملەپ ئىچتى چاي...،

قوتۇر خوتۇق⑧ مىنگەنلەر، مانا مىندى تاي...
تـۇنۇگۈنكى نـامرات قـىزى، بـۇگـۈن بـولدى «ئاي»...
سويۇپ پاقلان، كالا ـ قوي...كۈنگە بىردىن توي!
ھە يىگىتلەر، بارىكاللا قىيقاس!...
ئۆيىنىڭ ئارقىسى باغچى — يانچۇقۇمدا ئاقچى،
ئايالىم بولۇپ قالدى، نوملۇق تاقچى.
مۇشۇ كۈندە بولدۇم مەن، پېنسىيەگە چىققان ساقچى،
مەن بولسام تۆتىنچى ئوغۇل قادىر سالى...
مەشرەپلەردە ۋارقىراپ، قىلىمەن قىيقاس...
ئۆزۈمنىڭ قالمىسمۇ ھالى!
ئاتا ـ ئانىلاردىن قاپتىكەن نەسىھەت:
«بۇقىنى كالام دېمە، نەغمىچىنى بالام دېمە!»
بۇ بىزگە بولغان پەند-نەسىھەت...
ئۆيۈم جىگدە بۇلاق⑨ تا، بۇنىڭدىن خېلى يىراقتا...
ئاتا ـ ئانا سۆزىنى، تۇتالمىغان قۇلاقتا...

* * *

ئوينىسۇن ـ ھەي...ئوينىسۇن!
گۈلنى بەردۇق ئوينىسۇن...
كىمنىڭ مەيلى، كىمدە بولسا،
ئىجازەت بەردۇق ئوينىسۇن!... بارىكاللا قىيقاس!
ئۆيىنىڭ ئالدى تاۋاگۈل، ئۆيىنىڭ ئارقىسى ئانارگۈل،
تاماشىلار قىزىدى، خۇش بوللارمۇ ھاۋاگۈل؟!...
بارىكاللا قىيقاس!...

* * *

كېپىنەكلەر پەرۋانە، گۈل ئېچىلغان باغلاردا،
«ھايت!» دېسىلە كېلىمەن، مېنى ئەسلىگەن چاغلاردا...
قىيقـاس قـىلغاچ تـۇرىمـەن، تـاماشا قـىزىغـان چاغلاردا...
ئۇسسۇل ئوينىغانلارغا ھەشقاللا...
ھا يىگىتلەر بارىكاللا قىيقاس!

* * *

ئـاتنى مـىندىم قـامچىلىق، تـاگـار (تـاۋار) ئـالدىم چامچىلىق،
ياخشى بېيىتلەر ئېيتالمىدىم، بۇ مەندىكى كامچىلىق.
كـۈنىمۇ خـېلى كـەچ بـولدى، ئـات ھـارۋاڭنى قـوش ئەمدى،
مـەن ئـەمدى كـېتەر بـولدۇم، ھـەممىلىرىنى خـۇش ئەمدى...
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم پات-پات كۆرۈشكەيمىز سالامەت،
لازىم بـولسام چـاقىرسىلا... قـىيقاس قـىلىمـەن ئالامەت!

**ئىزاھاتلار:**
① تاشار — قومۇلنىڭ شەرقىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.
② سۇمقاغا — قومۇلنىڭ غەربىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.
③ ئوقۇرۇق: — ئۇزۇن تاياق.
④ ھېپىز — ئەلنەغمىچى.
⑤ ئەلەپ — سامان ئارىلاشتۇرۇلغان مال ـ چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى.
⑥ چىندان — چاقچۇق چىنە زاۋۇتى.
⑦ غېدىر — ناچار ساپال قاچا
⑧ خوتۇق — ئېشەكنىڭ بالىسى.
⑨ جىگدە بۇلاق — قومۇلنىڭ شەرقىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

(ئاپتور: قومۇل شەھىرى ئـۇۋىرغول رايـونلۇق 1 ـ ئـوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**


# بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2016 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىچا



قۇربانجان ئابلىكىم

بۇ ئۆسۈملۈك رايونىمىز تەۋەسىدە كۆز ياكى ئەتىياز پەسلىدە تېرىپ پەرۋىش قىلىپ، 9-ئايلار ئەتراپىدا پىشۇرۇپ يىغىۋېلىنىدىغان مايلىق دان زىرائىتىدۇر. بۇ زىرائەتنىڭ تۈرى تۆت خىل بولۇپ سېرىق، قىزىل، قارا، ئاق قىچا قاتارلىقلار. تەمى سەل ئاچچىقراق، رەڭگى ياۋا زاغۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قىرلىغىراق، يېغى بۇسلۇق، كىتابى ئاتالغۇدا «خەردەل» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممە خىلىنىڭ تەبئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە يېغىنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق كونا سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىنى ياخشىلىغان، گۆنجۈرىسگە كۆمۈلۈش ئارقىلىق پۇتۇن بەدەنلىك ئاغرىش، رېماتىزم، سوغۇق تەرلەشلەر، بەدەن مۇزلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ساقايتىپ كەلگەن. يېغىنى باشقا دورىلار بىلەن مۇرەككەپ قىلىپ بەش ئەزا ۋە تېرە كېسەللىكلىرىنى ساقايتىپ كەلگەن. يۇمران شېخى ياكى قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى مۇۋاپىق سۇ بىلەن قاينىتىپ ئومۇمەن بەدەن ياكى يەرلىك ئورۇننى يۇيۇش ئارقىلىق تېرە كېسەللىكلىرى ۋە قىچىشقاقلارنى ساقايتىپ كەلگەن. قىچىنى ياكى يۇمران شېخى ۋە ياكى قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى مۇۋاپىق ھالەتتە قاينىتىپ شۇ سۈيى بىلەن غەر-غەر قىلىپ بېرىش (ئېغىز چايقاپ بېرىش) ئارقىلىق چىش مىلىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۈنۈمىنى كۆرۈپ كەلگەندىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدا قىچا مېيىدا ئېتىلگەن گۆرۈچ تاماقلىرىنى ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالغان. قىچا مېيىنى بىۋاسىتە پۇتۇن بەدەنگە ياكى يەرلىك ئورۇنغا سۈرتۈپ بېرىش ئارقىلىق يەرلىك ئورۇننى قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈنۈمىنى كۆرگەن. قىچىنى ياكى يۇمران شاخلىرىنى بىۋاسىتە مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىش ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالىغان.

رېتسېپ: قىچىنى 100 گىرام ئېلىپ، ئۆزىنى بىۋاسىتە مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە ياكى تېڭىپ بەرسە رېماتىزم، پالەچ، ئاق كېسەل، كۆكرەككە سۇ پەيدا بولۇشقا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچا يېغىدىن 100 گىرام ئېلىپ سېرىق شىشىگە قۇيۇپ ئۇنىڭغا تىرىك چاياندىن (سېرىق ئېشەك بەش-ئون تالغىچە سېلىپ، كۈن نۇرىغا 60 كۈن ئەتراپىدا



ئىسسىپ قويۇپ، شۇ ياغقا پەلكۈچنى چىلاپ قۇلاقنىڭ ئـ-
چىنى ياغلاپ بـەرسە سوغۇقتىن بـولغان قـۇلاق ئـاغرىقى،
قۇلاق يىرىڭداش، كەم قـانلىقتىن بـولغان قـۇلاق غـۇڭـۇل-
داشلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچا 15 گىرام، بۇيا ئۇرۇقى ئـون گـىرام،
ئۇنى بەك ئايرىلىپ كەتمىگەن كۆزگى بۇغداينىڭ كـېپىكـ-
ىدىن 500 گىرام يۇقىرىقىلارنى بىر خالتىغا ئـېلىپ، ئـىلمان
قايناق سۇغا ئىككى سائەت ئەتراپىدا چـىلاپ ئـاندىن شۇ
سۇ بـىلەن 15 مـىنۇت قـايىنتىپ دورىلارنـىڭ تـەمى سۇغا
تولۇق چىققاندىن كېيىن دورىلار تـىرىپسىنى سۈزۈۋېتىپ،
شۇ سۇ بـىلەن پۇتۈن بـەدەننى يـاكى يـەرلىك ئـورۇننى
يۇيۇپ بەرسە كونا قىچىشقاق ۋە سوغۇقتىن بولغان بەدەن-
گە ئەسۋە ئۆرلەشلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچا 100 گىرام ئېلىپ مۇۋاپىق سۇ بـىلەن
قاينىتىپ دورىنىڭ تەمى سۇغا تولۇق چىققاندىن كېيىن شۇ
سۇدا ئـېغىزنى چايقاپ بـەرسە چـىش ئـاغرىش، چـىش
مىدراپ قېلىش، چىش مىلىكلىرى ياللۇغلىنىش قـاتارلىقلار-
غا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قـىچا 300 گـىرام، قـىچا گـۈنجۈرسى 500
گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ قازاندا قۇرۇق قورۇپ، قىزد-
ىتىپ كىچىكرەك خالتىغا ئېلىپ ئەر-ئاياللار يەرلىك ئورۇن-
غا قويۇپ بـەرسە سوغۇقتىن بـولغان پـەي تـارتىشىش،
دوۋساق يـاللۇغى، دوۋسۇن سوۋۇپ كـېتىش، بـالىياتقۇ
سوۋۇپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەزى بېزى يال-
لۇغى، بۇيۇملار ئـاغرىش قـاتارلىقلارغا يـاخشى مـەنپەئەت
قىلىدۇ.

رېتسېپ: مۇۋاپىق قىچا گۈنجۈرىسگە پۇتۈن بەدەن-
نى ياكى يەرلىك ئورۇننى كۆمۈپ بـەرسە كـۆپ تـەرلەش،
سوغۇق ئېشىپ كېتىش، بەدەن مۇزلاش، پۇتۇن بەدەنلىك
ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچا 100 گىرام، قـىچا شېخىدىن 300 گـىرام
ئېلىپ مـۇۋاپىق سۇ بـىلەن قـاينىتىپ پـۇتۇن بـەدەننى يـاكى
يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە ھەر خـىل تـېرە كـېسەللىرى،
بەدەن قۇرغاقلىشىش، كۆپ تەرلەش، باش كـېپەك بـولۇش،
چاچ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچىنى مۇۋاپىق ئېلىپ، مۇۋاپىق سۇ بـىلەن
قـاينىتىپ، سۇيىنى 30 گـىرامدىن 50 گـىرامغىچە ئـىستېمال
قىلىپ بەرسە ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچەينىڭ سو-
غۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رېتسېپ: قىچىدىن 100 گىرام، قـارا ھـلىيلە پـوستى-
دىن 50 گـىرام، سـەۋزە ئـۇرۇقـىدىن 50 گـىرام ئـېلىپ
يۇمشاق سوقۇپ، قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تۇخۇم سې-
رىقى ياكى چاي بىلەن مەلھەم قىلىپ ئاقرىپ قالغان تېرى-
گە ياكى بەرەسكە (ئاق كـېسەلگە) چـېپىپ بـەرسە يـەرلىك
ئورۇننى قىزىتىش، مـاددا ۋە قـان ئـايلىنىشنى يـاخشىلاش
ئارقىلىق تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىمىز

**مۇھەممەدجان ئىسمائىل پۇناقى**

**1. چىغرىق:** بۇ ياغاچچىلار تەرىپىدىن ياسىلىدىغان تۇرمۇش قورالى بولۇپ ئۇ تاپان، پاچاق، ئوق ۋە قۇلاقتىن ئىبارەت تۆت قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان. تاپان قىسمى ئادەتتە (+) شەكلىدە بولۇپ، قېلىنلىقى ئوندىن 12 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 50 تىن 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. پاچاق قىسمى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تاپان پاچاق، يەنە بىرى، تىك پاچاق دەپ ئاتىلىدۇ. تاپان پاچاق ئىككى تال بولۇپ، تاپان قىسمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە بېكىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان پەيتتە تاپان قىسمى بىلەن يەرگە چاپلىشىپ تۇرۇپ، چىغرىق گەۋدىسىنىڭ ئوڭ-سول تەرەپكە يىقىلىپ كەتمەسلىك رولىنى ئوينايدۇ. تىك پاچاق ئىككى تال بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىغىچە بولىدۇ. بۇ خىل پاچاق ئادەتتە تاپان قىسمىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئارىلىق 45 تىن 50 سانتىمېتىرغىچە ئارىلىق قالدۇرۇپ تىك ھالەتتە بېكىتىلىدۇ. چىغرىق ئوقى ئىككى تال بولۇپ، ئىككىلا ئوقنىڭ بىر ئۇچى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا چىشلىق چاق شەكلىدە ئويۇلغاندىن كېيىن، بىر-بىرىگە پۇختىلىق بىلەن كىرىشتۈرۈلۈپ،

پاچاق قىسمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۆشۈكچىلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، بىرسىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرسى يېقىن جىپسىلاپ تەڭشىلىدۇ. چىغىرىق ئوقى ئادەتتە ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈجمە ۋە يۇلغۇن قاتارلىق چىدامىلىق ياغاچلاردىن، دىيامېتىر ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇمىلاق، سىلىق ھەم ئىنتايىن تۈز شەكىلدە مەخسۇس قىرىش ئەسۋابى بىلەن قىرىپ ياسىلىدۇ. ئوقلارنىڭ يەنە بىر تەرەپ ئۇچىدىكى ئاستىنقى ئوقنىڭ پاچاق سىرتىغا چىقىرىلغان ئۇچىدا قولاق سېلىپ تولغايدىغان تۇرۇمچە بولۇپ، ئۇ ئاساسىي ئوق دېيىلىدۇ. ئادەتتە قولاقنى تولغىغاندا بۇ ئوق ئايلاندىسا ئۈستىدىكى يەنە بىر ئوقمۇ تەڭ ئايلىنىدۇ، ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى ئىككى ئوقنىڭ ئايلىنىشى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇپ، ئوقلارنىڭ ئارىلىقى ئىككىدىن ئۈچ مىللىمېتىرغىچە قىلىپ تەڭشىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە چىغىرىقنى ئىشلىتىپ پاختىنى چىگىتتىن ئايرىماقچى بولغاندا ئوقلارنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش مۇھىم بولۇپ، چىگىتلىك پاختىنى ئايلىنىۋاتقان ئوقلارغا تۇتقاندا ئوقلار پاختىنى مۇۋاپىق چىشلەپ چىگىتنى پاكىز ئايرىسا ئوقلارنىڭ ئارىلىقى قايتا تەڭشەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي ئوقلار پاختىنى چىشلىمەي ياكى چىگىت بىلەن قوشۇپ چىشلەش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئوقلارنىڭ ئارىلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە تېگىشلىك بولىدۇ، بۇ قۇرۇلمىغا يەنە ئىككى تىك پاچاقنىڭ ئارىلىقىدا تاپان بىلەن ئوققىچە بولغان ئېگىزلىكتە تاختاي توساق بېكىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئايرىلغان پاختا بىلەن چىگىتنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىك رولىنى ئوينايدۇ.

**2. پاختا ئاتقۇچ:** بۇ چىغىرىق ئارقىلىق چىگىتتىن ئايرىلغان پاختا ۋە قوي، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرىدىكى بىر-بىرىگە يېپىشىۋالغان گادىرماچ-تۈگۈنچىلەرنى پارچىلاش، ئەخلەت-چاۋارلارنى چىقىرىپ تاشلاش، پاختا، يۇڭلارنى يۇمشاق، ئېلاستىكىلىق قىلىپ ئىشلىتىشكە قولايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئىختىرا قىلىنغان تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ياغاچچىلار تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئاتقۇچ ئادەتتە ئاتقۇچ ساپلىقى، باش قولاق، تۆۋەن قولاق، زەي تاناپ، مۇشتەك قاتارلىق بەش قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئاتقۇچ ساپلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 1.80 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە بولىدۇ. قولاق قۇرۇلمىسى ساپلىقنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان بولۇپ باش قولاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 دىن 25 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكى ئوندىن 12 سانتىمېتىرغىچە، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوڭ يان ئوتتۇرىسىدىن تۆۋەن يان يۈزگىچە ئويۇقچە چىقىرىلىدۇ. تۆۋەن قولاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 دىن 30 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكى 25 تىن 30 سانتىمېتىرغىچە، قېلىنلىقى بەشتىن ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىغىچە بولۇپ، سول يان ئوتتۇرىسىدىن ئاستى يان يۈزىگىچە ئويۇقچە چىقىرىلىدۇ. زەي تاناپ قۇرۇلمىسى قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ئۈچەيلىرىدىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، ئۈچ مىللىمېتىر توملۇقتا پىششىق ئېشىپ ياسىلىپ، ساپلىق قىسمىنىڭ ئوڭ ۋە سول ئۇچىدىكى قولاق ئويۇقچىلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا چىڭ تارتىپ چىگىلىدۇ. ئادەتتە ئاتقۇچ قولاقلىرىغا چىگىلىدىغان زەي تاناپ ھۆل پېتىچە چىگىلىدىغان بولغاچقا، قۇرۇغاندىن كېيىن تەبىئىي قىسقىراپ تېخىمۇ چىڭىپ بارىدۇ-دە، يېنىك چېكىپ قويۇلسىمۇ داراڭشىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ، مۇشتەك قۇرۇلمىسى ئۆرۈك، ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ياغاچلىرىدىن قىرىمچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ساپلىق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، قورساق قىسمىنىڭ يۇمىلاقلىق دىيامېتىر 12 دىن 14 سانتىمېتىرغىچە بولۇش بىلەن، ئاستى تەرىپىگە خۇددى يەرلىك چۆگۈننىڭكىگە ئوخشاش چەپچەك تاپان چىقىرىلىدۇ. ھۈنەرۋەن ئۇستىلار ئاتقۇچ ئارقىلىق مەشغۇلات قىلغاندا، بىر قولدا ئاتقۇچ ساپلىقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كۆتۈرۈپ، زەي تاناپنى پاختا، يۇڭ دۆۋىسىگە يېقىن ئەكىلىپ، يەنە بىر قولدا مۇشتەك ئارقىلىق زەي تاناپ چېكىپ پاختا، يۇڭلارنىڭ تالالىرىنى بىر-بىرلەپ ئايرىپ يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرەلەيدۇ.

**3. چاق:** بۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرمۇش قورالى بولۇپ، ياغاچچىلار تەرىپىدىن ياسىلىپ يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چاق ئادەتتە تاپان، پاچاق، قانات ئوق ۋە تاناپتىن ئىبارەت بەش قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاپان قىسمى (T) شەكىلدە بولۇش بىلەن، قېلىنلىقى ئوندىن 12 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. پاچاق قىسمى چوڭ-كىچىك تۆت تال بولۇپ چوڭ ئىككى پاچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 تىن 65 سانتىمېتىرغىچە، دىيامېتىرى يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كىچىك ئىككى پاچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 دىن 22 سانتىمېتىرغىچە، دىيامېتىرى



تۆتتىن بەش سانتىمېتىرغى-
چە بولىدۇ. چوڭ ئىككى
پاچاق تاپان قىسمىنىڭ
ئوڭ تەرەپ ئۇچىغا، ئارى-
لىقى 40 تىن 35 سانتىمېتىر
ئەتراپىدا قىلىنىپ تىك ھا-
لەتتە بېكىتىلىدۇ. كىچىك
ئىككى پاچاق بولسا تاپان
قىسمىنىڭ سول تەرەپ ئۇ-
چىغا ئارىلىقى تۆتتىن بەش
سانتىمېتىر ئەتراپىغىچە قىلى-
نىپ چوڭ پاچاققا
ئوخشاش تىك ھالەتتە بې-
كىتىلىدۇ. قانات قىسمى
ئىككى گورۇپپىغا ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىر گورۇپپىسىدا
تۆت تالدىن، ئۇزۇنلۇقى 40 تىن 45 سانتىمېتىرغىچە،
كەڭلىكى سەككىزدىن ئون سانتىمېتىرغىچە، قېلىنلىقى
ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغان ياغاچ تاختايدىن قو-
راشتۇرۇلىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇچى بەشتىن يەتتە سانتىمېتىر-
غىچە، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىنچىكىلەشتۈرۈ-
لۈپ، ئىككى چوڭ پاچاقنىڭ يۇقىرى تەرەپ ئارىلىقىغا بې-
كىتىلگەن ئوقنىڭ ئىككى ئۇچىغا 35 سانتىمېتىر ئارىلىق
قالدۇرۇپ بېكىتىلىش بىلەن، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن ئۇچ-
لىرى قوي ياكى ئۆچكە ئۇچەيلىرىدىن ياسالغان زەي
تاناپ ئارقىلىق بىر-بىرىگە مەھكەم چىتىلىدۇ. ئادەتتە
چاقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يىپ ئېگىرىشتە، ئالدى بىلەن
ئىككى گورۇپپا قانات چىتىلىدىغان زەي تاناپ ئۈستىدىن
چىداملىق قىلىپ ئىشلىگەن يىپ تاناپ تارتىپ ئۇنىڭ ھال-
قىلانغان ئۇچىنى كىچىك ئىككى پاچاقنىڭ ئارىلىقىغا يەتكۈ-
زۈش بىلەن ئۇنى مەخسۇس قىرمىچىلار تەرىپىدىن ياسال-
غان يىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇقچىسىغا كىرگۈزۈپ مۇ-
ۋاپىق تەڭشىلىدۇ. ئاندىن ئىككى چوڭ پاچاقنىڭ ئارىلىق-
دىكى قانات بېكىتىلگەن ئوقنىڭ پاچاقتىن سىرتقا چىقىرىل-
غان تۇرۇمچىنىڭ ئۇچىغا قولاق سېلىپ تولغاش ئارقىلىق
چاتما تاختايلار ئارقىلىق يىپ تاناپنى، تاناپ ئارقىلىق
يىكنى ئايلاندۇرۇپ يىپ ئېگىرىش مەشغۇلاتىنى قىلىشقا
بولىدۇ.

**4. يارغۇنچاق:** بۇ قورام تاشلارنى يېرىپ يۇملاق-
لاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، ئاستى ۋە ئۈستى تاشتىن
تەركىب تاپقان قۇرۇلما بولۇپ، دىيامېتىرى كۆپ ھاللاردا
45 تىن 50 سانتىمېتىرغىچە، قېلىنلىقى ئالتىدىن سەككىز
سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. يارغۇنچاق ئادەتتە مەخسۇس
تاشچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئاستى ۋە ئۈستى
تاشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن دىيامېتىرى تۆت سانتىمېتىر
ئەتراپىدا تۆشۈك ئېچىلىپ تومۇر ياكى قاتتىق ياغاچتىن
15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئوق تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ يېرىمى
بولسا ئۈستى تاشنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۈستى
تاشنىڭ گىرۋىكىنىڭ بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى مەلۇم
جايىدىن يەنە تۆت سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۆتمە قىلىنما-
غان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ ئۇنىڭغا قاتتىق ياغاچتىن چۆرد-
گۈچ تۇتقا بېكىتىلىپ، ئۈستى تاشنى ئايلاندۇرىدىغان قى-
لىنىدۇ. يارغۇنچاقتا ئادەتتە بۇغداي، قوناق، ئارپا،
تېرىق، كەندىر، زاراڭزا، نوقۇت، پۇرچاق قاتارلىق
دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يۇمشىتىش قولايلىق
بولۇپ، مەشغۇلات قىلماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن
يارغۇنچاقنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايىنى سەل-پەل
كولاش بىلەن ئۈستىگە پالاز، سۇپىرا، داستىخانغا
ئوخشاش نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستى
تاشنى مۇدىرەپ كەتمەيدىغان قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن،
ئۈستى تاشنى يېپىپ بىر قولدا تاش كاتىكىگە دان
قويۇپ، يەنە بىر قولدا تاشنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق
دانلارنى يۇمشىتالايدۇ. بۇ قۇرۇلما گەرچە بىر قەدەر

ئاددىي بولسىمۇ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرەر كۈنلۈك ياكى بىر نەچچە كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا مەلۇم قولايلىق ئېلىپ كېلىش رولىنى ئوينىغان.

5. مۇزخانا: بۇ قىش كۈنلىرى ئىچىگە مۇز قاچىلاپ، يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئېرىتىپ ئىچىش بىلەن بىللە، ياز كۈنلىرى گۆش، سەي- كۆكتات، مېۋە- چېۋە قاتارلىق ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ساقلاپ ئىشلىتىش مەقسىتىدە ياسىلىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇز رايوننىڭ قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇ خىل قۇرۇلمىنى ياساپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن. مۇزخانىنىڭ شەكلى ۋە ياساش ئۇسۇلى يەرلىك قۇدۇققا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇزخانا ياساشتا ئالدى بىلەن بەش- ئالتە كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ۋە بەش- ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆت چاسا كاتەك كولانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت دانە تۈۋرۈك بېكىتىلىپ، ئۆزئارا مەھكەم چېتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن چېتىلغان ياغاچلار بىلەن مۇزخانا تېمى ئارىلىقىغا يېكەن، قومۇش، شال پالىقى، شاخ- شۇمبا قاتارلىقلار بېسىلىپ، مۇزخانا ئىچىگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بۇنى «چىدەرلەش» دەپ ئاتايدۇ. مۇزخانا پۈتكەندىن كېيىن، 1- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆل ۋە ئۆستەڭلەردە توڭلىغان قاتتىق ۋە پاكىز مۇزلار يۆتكەپ كېلىنىپ مۇزخانىغا قاچىلىنىدۇ ۋە مەلۇم ۋاقىتقىچە ئوچۇق تۇرغۇزۇلۇپ، ھاۋانىڭ ئىللىشىدىن بۇرۇن مۇز ئۈستى يېكەن، شال پالىقى، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قېلىن يۆگەلگەندىن سىرت، مۇزخانا ئۈستى ياغاچ، شاخ- شۇمبا ئارقىلىق ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشاش يېپىلىپ تاكى تومۇز ئايلىرىغىچە ئېچىلمايدۇ. كىشىلەر مۇزخانىدىكى مۇزنى تومۇز كۈنلىرىدىكى يۇقىرى ھارارەتلىك ئىسسىق چاغلاردا قېتىق ۋە ئۈزۈم، ئۈجمە قاتارلىقلارنىڭ شىرنىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

6. ئوچاق: ئوچاق ئايۋان- ساراي، ئاشخانا ۋە ھويلا- ئارانلارنىڭ ھەممىسىگە يارىشىدىغان ئاددىي قۇرۇلما بولۇپ، تاماق ئېتىش، ئۆي ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خەلقىمىز ئۆي سالغاندا ئۆينىڭ ئالدىنى شەرق ياكى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئوچاق ئاساسەن ھەرقانداق ئۆينىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلىدۇ. خەلقىمىز ئۆيلىرىگە ئوچاق سالغاندا ئىككى خىل قۇرۇلمىدا سېلىشقا ئادەتلەنگەن. بىر خىلى، مورىلىق ئوچاق، يەنە بىر خىلى، مورىسىز ئوچاق. مورىلىق ئوچاق ئاساسەن ئايۋان- ساراي ۋە قىشلايدىغان ئۆيلەرگە، مورىسىز ئوچاق يازلىق ئاشخانا، ھويلا- ئارانلارغا سېلىنىدۇ. ئۆي ئىچىگە سېلىنغان مورىلىق ئوچاق شۇ ئۆينىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە قاراپ سېلىنىدۇ. ئۆي چوڭراق بولسا ئوچاقنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە چىرايلىق قىلىپ، ئېگىزلىكى شۇ ئۆي ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىدىغان ئۈستى تۈز، مېھراب شەكلىدە ئويۇقچا تەكچە ياكى تام ساندۇق چىقىرىلىدۇ. بۇ «مورا بېشى» دېيىلىدۇ. ئوچاق يېنىغا چىقىرىلغان بۇ خىل تەكچە بىر تەرەپتىن ئۆي ئىچىنىڭ گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ تەكچىلەرگە چىنە، گۈل لوڭقىسى قاتارلىق نازۇك، كۆركەم بۇيۇملارنى ۋە ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى تىزىپ ساقلاشقا باب كېلىدۇ.

مورىلىق ئوچاق ئادەتتە مەخسۇس تامچى ئۇستىلار تەرىپىدىن پىششىق خىش، خام كېسەك ياكى سېغىز پارچىلىرى بىلەن ياسالغاچقا ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدۇ. ئوچاق مورىسى ئۆينىڭ ئۆگزە يۈزىدىن 50- 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە چىقىرىلىپ، مورا ئېغىزىغا ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە تىكلىمە خىش قويۇلغاچقا ئوت ئۇچقۇنى چىقسىمۇ توسۇلۇپ قېلىپ ئۆگزىدىكى ئوڭاي ئوت ئالىدىغان نەرسىلەرگە ئاسانلىقچە تۇتۇشۇپ كەتمەيدۇ، مورىسىز ئوچاقنى ئادەتتە ئاياللار ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ. ئادەتتە ئائىلىلەردە مەيلى مورىلىق ياكى مورىسىز ئوچاق بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئاش- تاماق، كۆمەچ، كاۋاپلارنى پىشۇرغىلى، قىش كۈنلىرى ئۆيلەرنى ئىسسىتقىلى بولىدۇ.

7. تونۇر: تونۇرنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، ئەمما ئىشلىتىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بىر تەۋەررۈك بولۇپ، ئۆي- ئۆيلەردە شەھەر، بازارلاردا ياسىلىپ ۋە ئىشلىتىلىپ ئۆز رولىنى يوقاتماي كەلمەكتە، تونۇرنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى شور بولۇپ ياساش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(1) قېلىپ ياساش: تونۇر قېلىپىنى ياساشتا، ئالدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن تونۇر سالىدىغان جاي تاللىنىپ، تۆت كىۋادرات مېتىردىن ئالتە كىۋادرات مېتىرغىچە سۇپا تەييارلىنىدۇ. ئاندىن يۇمشاق ھۆل توپا بىلەن قېلىپ ياسىلىدۇ. قېلىپ ياسىغاندا تونۇر يۈزىنىڭ سىلىق چىقىشىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەگ ئايلانمىسى، قورساق ئايلانمىسى ۋە ئېغىز ئەتراپى ئايلانمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

(2) شور سېلىش: تونۇر قېلىپى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن شور سېلىنىدۇ. تونۇر سېلىشقا تەييارلانغان شور ئادەتتە تەركىبىدە توپا ۋە باشقا نەرسىلەر بولمىغان يېڭى شوردىن ئىككى ئۈلۈش، كونا (كونا تونۇرنىڭ) شورىدىن بىر ئۈلۈش نىسبەتتە بىرلەشتۈرۈپ لاي يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن قوش مۇشتەك چوڭلۇقتا كاللەك قىلىنىپ تونۇر قېلىپىنىڭ تېگىدىن يۇقىرىسىغا قاراپ چۆرگىلىتىپ چاپلىنىدۇ. شور چاپلاش جەريانىدا تونۇر تېگىدىن سۇپا تېگىنىڭ سىرتىغا دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا شامال ئېغىزى (دۇتخانا) قويۇلىدۇ، بۇ ئېغىز ئادەتتە تونۇر ھارارىتىنى كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) تونۇر قېلىپىنى ئېلىش، تونۇر قېلىپىغا شور سېلىش ئاخىرلىشىپ، تۆت ئەتراپى قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈلگەندىن كېيىن شور قېلىپتا چاپلاقلىق ھالدا بىر سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. قېلىپ توپىسى تونۇر ئېغىزىغا يىراقراق ئولتۇرۇپ، چوڭ چىنە ياكى كورىدا ئېھتىيات بىلەن ئاستا قىرىپ ئېلىنىدۇ. قېلىپ توپىسى تولۇق ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سىلىق تاشقا ئوخشاش قاتتىق جىسىم بىلەن تونۇر يۈزى يېنىك چېكىدىلىپ سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ.

(4) تونۇرنى قۇرۇتۇش، تونۇر قېلىپى ئېلىنغاندىن كېيىن، تونۇر ئىچىگە قۇرۇق ۋە يېنىك كۆيىدىغان قومۇش، قوناق شېخى قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ ئوت يېقىپ قىزدۇرۇپ قۇرۇتىدۇ. لېكىن تونۇرغا ئوت ياققاندا يالقۇنى كۈچلۈك، ئۇزاق ۋاقىت كۆيىدىغان قاتتىق ئوتۇن-ياغاچ سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. چۈنكى تونۇر تولۇق قۇرۇمىغان شارائىتتا، بۇنداق قىلىنسا تونۇر يۈزى چاك كېتىپ سۇپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تونۇر يۈزىنى ئاز ۋاقىت يېنىك ئوتتا قىزدۇرۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن رەسمىي قىزىتىپ نان يېقىلسىمۇ تونۇر سۈپىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

**8. جۇۋاز**: خۇۋازچىلىق مانا شۇ خىل ئىستېمالنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ئىختىرا قىلىنغان كەشپىيات بولۇپ، ئۇ ياغ ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ. جۇۋاز شەكىل جەھەتتىن تاش جۇۋاز ۋە ياغاچ جۇۋاز دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، تاش جۇۋازنى ئادەتتە تۈگمەن تېشى ياسايدىغان تاشچى ئۇستىلار چوڭ قورام تاشلارنى يونۇپ توم ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئاندىن ئىچىنى ئويۇپ ياسايدۇ. ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ جىسمانى ۋە ئەقلىي كۈچ سەرپ قىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇنداق تاش جۇۋاز بەكمۇ ئاز ياسىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىنتايىن چىدامىلىق بولۇپ، نەچچە يۈز يىللارغىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بۇ خىل جۇۋازدا ياغ تارتىش مەشغۇلاتىدا ياغ ئاسان سىڭىپ كەتمىگەندىن سىرت تولۇق ئاجرىلىپ چىقىدۇ.

ياغاچ جۇۋاز مەخسۇس جۇۋاز ياسايدىغان ياغاچچى ئۇستىلار تەرىپىدىن دىيامېتىرى 70 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.50 مېتىر ئەتراپىدىكى ئۆرۈك، ياڭاق ياغاچلىرىدا ياسىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ياغاچتىن باشقا ياغاچلاردا جۇۋاز ياساشقا بولمايدۇ، مەيلى تاش جۇۋاز ياكى ياغاچ جۇۋاز بولسۇن، ئۇلارنىڭ مايلىق دان قويىدىغان كاتىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولۇپ، ئۈستى كەڭ، ئوتتۇرىسى تار، ئاستى يۇمىلاق ئۈچ خىل شەكىلدە. يەنى، جۇۋاز كۆتىكىنىڭ كەسمە يۈزى 70 سانتىمېتىر بولغاندا ئۈستى كاتەكنىڭ ئېغىزى (كونۇس شەكىلدە) دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر ئوتتۇرا (بوغماق) قىسمىنىڭ 25 سانتىمېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ



2018.1

يۇملاقلىق دىيامېتىرى ۋە چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. جۇۋاز كۆتىكى ئادەتتە جۇۋازخانا قىلىدىغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا قىلىپ يەرگە پۇختىلىق بىلەن تىك كۆمۈلگەندىن كېيىن كۆتەك كاتىكىگە قويۇلغان مايلىق داننىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆتەكنىڭ ئەتراپى كۆتەك كاتىكىدىن 20 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىنىپ ياغاچ تاختاي بىلەن باشتىن ئاياغ يۆگىلىپ چەمبەرلىنىدۇ. جۇۋازنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىغا كېرەكلىك يەنە باشقا قۇراللىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوق، قايچا، ياغاچ، ئوق چاتمىسى ۋە تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جۇۋاز ئوقى ئادەتتە ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، «تالقان ئوق»، يەنە بىرى، «ياغ ئوق» دېيىلىدۇ. بۇ ئوقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.50 تىن 1.60 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاستىنقى ئۇچىنىڭ دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇملاق ياسىلىپ، جۇۋاز كاتىكىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئۈستى ئۇچى بولسا قايچا ياغاچقا بېكىتىلگەن ئوق چاتمىسىنىڭ تۆشۈكىگە چۈشۈرۈلىدۇ. تالقان ئوق ئادەتتە جۇۋاز كاتىكىگە قويۇلغان مايلىق داننى ئېزىپ تالقانلاش رولىنى ئوينايدۇ. ياغ ئوقى بولسا تالقانلانغان مايلىق داننى تېخىمۇ يۇمشاق ئېزىپ خېمىر قىلىپ ياغنى سىقىپ چىقىرىدۇ. قايچا ياغاچ، ئۆرۈك، ئۈجمە ۋە جىگدە ياغاچلىرىنىڭ ئاچماق شەكىللىك غولىدىن ياسىلىپ، ئاچمىقى جۇۋاز كۆتىكىنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوچاقلىتىلىپ، چوڭ ئۇچى ئۆكۈزگە چېتىلىدۇ.

قايچا ياغاچنىڭ چوڭ بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يۈزى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى كەڭلىكتە ئېچىلىپ، ئۈستىگە 40 ـ 50 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى چوڭ تاشتىن ئۈچ ـ تۆت تال مىندۇرۇلىدۇ. ئوق چاتمىسى ئوقنىڭ ئۇچىدىن قايچا ياغاچنىڭ چوڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن تىكلىمە پاچاققا چېتىلىدۇ. مەشغۇلات قىلغاندا ئۆكۈز قايچا ياغاچقا قېتىلغاندىن كېيىن ياغاچنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تاشلارنىڭ پەسكە بېسىشى ئارقىلىق ئوق يانتۇ ئايلىنىپ مايلىق داننى جۇۋاز كاتىكىنىڭ يان تەرەپلىرىگە قىستاپ ئېزىدۇ ۋە ياغلارنى ئېقتىپ كاتەكنىڭ ئاستى قىسمىغا چۈشۈرىدۇ. شۇ تەرىقىدە مايلىق دان تولۇق ئېزىلىپ ياغلار ئاخىر جۇۋاز كاتىكىنىڭ يان تەرىپىدىن سىرتقا يانتۇ ئېچىلغان تۆشۈك ئارقىلىق پاكىز ئېقىپ ياغ قاپقىغا چۈشىدۇ، شۇڭا ئادەتتە يەرلىك جۇۋازدا ئىشلەپچىقىرىلغان ياغ تەملىك بولغاندىن سىرت ئاسان بۇزۇلمايدۇ.

**9. تۈگمەن:** ھەر خىل دانلىق ئاشلىقلارنى يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياغاچچىلىق، قىرمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تاشچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

تۈگمەن كويىلار (سۇ باشلاش ئېرىقى)، قوغاچ (نو)، غولۋا تۈگمەن تېشى، تۈگمەن ئۆيى، چاقپەلەك، خامپا، سوكەن تاقىلدىغۇچ قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلما ۋە بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى كويىلىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە قوغاچتىن پەسكە ئېقىپ چۈشۈپ غولۋا ئىچىگە ئورنىتىلغان چاقپەلەك قاناتلىرىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلىدۇ ـ دە، چاقپەلەكنى ئايلانما ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. چاقپەلەك قاناتلىرىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ چاقپەلەك ئوقىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن تۈگمەننىڭ ئۈستۈن تېشى خامپا ئىچىدە ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا سوكەن چانقىغا غىچچە تاياق ئارقىلىق بېكىتىلگەن تاقىلدىغۇچنىڭ تاشقا تېگىپ تۇرغان بىر ئۇچى تاشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن سەكرەپ تىترەپ ھەرىكەت قىلىدۇ. تاقىلدىغۇچنىڭ سوكەن چانقىغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر ئۇچىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، سوكەن ئىچىدىكى ئۇگۈتنى چاناق ئېغىزى ئارقىلىق ئاز ـ ئازدىن ئۈستۈن تاش تۆشۈكى ئارقىلىق ئىككى پاي تاش ئارىلىقىغا ئېقتىپ چۈشۈرىدۇ، ئۈستۈن تاشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئايلىنىشى ئارقىسىدا ئاشلىق دانلىرى يانجىلىپ ئۇنغا ئايلىنىپ، خامپا ئىچىگە دۆۋىلىنىدۇ.

تۈگمەنلەردە بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، پۇرچاق، ماش قاتارلىق يېرىك ئاشلىقلارنى يانجىپ ئۇنغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىللە جۇۋازدا بىۋاستە ياغ تارتىش قىيىن بولغان چىگىت، زاراڭزا قاتارلىق قاتتىق قاسراقلىق ياغلىق دانلارمۇ يۇمشىتىلىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ جۇۋازدا ياغ تارتىشىغا ئاسانلىق يارىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۈگمەنلەردە يەنە ئۈجمە تالقىنى، مۇچ تالقىنى قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە كۆكتات تالقانلىرىنىمۇ تارتىپ يۇمشىتىشقا بولىدۇ.

**10. قاپاق:** قەدىمدىن بۇيان ئائىلىلەردە ئۈستۈرۈلۈپ ھەم ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل سامان غوللۇق

MIRAS

ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ تۈرلىرى ئادەتتە سەپەر قاپىقى، بودەك قاپاق، نورگاي قاپاق ۋە ناس قاپاقتىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

**سەپەر قاپىقى:** شەكىل جەھەتتىن باش قىسمى كەچىكرەك، بويۇن قىسمى ئىنچىكرەك، قورساق قىسمى چوڭ بولىدۇ. بۇ خىل قاپاقلارنى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا يىراق-يېقىن سەپەرگە چىققاندا ۋە ياكى ئىچىملىك سۈيى يوق جايلاردا مەشغۇلات قىلغان چاغلاردا سۇ قاچىلىۋېلىپ ئىچىشكە، شۇنداقلا ئائىلىلەردە سۇ يېغى، مېۋە شىرنىسى، ئاچچىقسۇ، سىركە قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلاشقا ۋە ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

**بودەك قاپاق:** شەكىل ۋە جەھەتتىن باش قىسمى سەپەر قاپىقىنىڭكىدىن چوڭراق، بويۇن قىسمى توم، قورساق قىسمى باش قىسمىدىن چوڭراق بولىدۇ. بۇ خىل قاپاقلارنى كىشىلەر بويۇن قىسمىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىسمىدىن كېسىۋېتىپ ئېغىزىنى چوڭراق ئېچىپ، شور تۇز ئېرىتىپ تۇزلۇق قاچىسى قىلىشقا ۋە ياكى سەي-كۆكتات، زىرائەت، دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ساقلاشقا ئىشلىتىپ كەلگەن.

**نوگاي قاپاق:** شەكىل جەھەتتىن باش قىسمى بىلەن قورساق قىسمىنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 25 تىن 60 سانتىمېتىرغىچە ئۇزۇن ھەم كەتمەن ساپلىقىدەك توملۇقتا، قورساق قىسمىنىڭ دىيامېتىرى يەتتىدىن 15 سانتىمېتىرغىچە چوڭلۇقتا بولىدۇ. بۇ خىل قاپاقلارنى كىشىلەر قورساق قىسمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كىچىك ئېغىز ئېچىپ، سۇغا، كۈپ، كوزا ۋە تۇزلۇقلاردىن سۇ، تۇز ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن.

**ناس قاپىقى:** بۇ شەكىل جەھەتتىن سەپەر قاپىقىغا ئوخشايدىغان، ھەجىم جەھەتتىن يانچۇققا پاتقۇدەك كىچىك بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى چىش بىلەن كالپۇكنىڭ ئارىلىقىغا ناس تالقىنى سالىدىغان كەيپخور كىشىلەر ناس قاچىلاپ يېنىغا ئېسىپ ياكى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرگەچكە ئۇنىڭ نامى شۇ سەۋەبتىن «ناس قاپىقى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمما بۇ خىل قاپاق ھەجىم جەھەتتىن كىچىك ھەم شەكلى چىرايلىق بولغاچقا قەدىمدىن بۇيان بەزى كىشىلەر ئۇنى ئۆيىدىكى ئەتىۋارلىق بۇيۇملار قاتارىدا تەكچە، تام ئۇيۇقچىلارغا قويۇپ ساقلىغان. دېمەك، قاپاق ئادەتتە ئاددىي نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغاچقا قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىستېمال قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. دەرۋەقە يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان، شەھەر- بازارلاردا ئائىلە، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى تۈپەيلىدىن قاپاقنىڭ ئىشلىتىلىش رولى قىسمەن جەھەتتە ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق قىممىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ «قاپاق سەنئىتى» ئىجادىيەتلىرىدە ئاجايىپ كارامەت كۆرسىتىش ۋاستىسى بولۇشتەك ئالاھىدە رولى تالايلىغان سەيياھ ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن


## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# مۇھەببەت قوشاقلىرى

گۈل تېرىدىم مايسا بولدى،
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇرەڭ.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۆڭلۈك، ئالما رەڭ.

ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن،
غىلاڭ تاغدىكى موزدۇز.
يۈرىكىمگە ئوت سالغان،
كۆڭلى ئاق، قارا كۆزدۇر.

قېشىڭ قەلەم، كۆزۈڭ بۇلاق،
لېۋىڭ قىزىل جىنەستە.
خەلقئالەم قاردى،
ئاي يۈزۈڭگە ھەۋەستە.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
تاغ باغرى قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى،
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

لېۋىڭنى لالىدىن دەرلەر،
چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەرلەر.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر.

ئاسماندىكى ئۈچ ئۆردەك،
ئۈچىلىسى بىر خىلدەل.
بۇ كەمدىكى ياش باللا،
ئاچىلغان قىزىلگۈلدەك.

چىشلىرىڭ ئۈنچىگە ئوخشاش،
كۆزلىرىڭ خۇشخۇي خۇما.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسىدىن،
ئوت تۇتاشقانغۇ ماڭا؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاغدىن چۈشتى بەش ئاتلىق،
بەشلىسى بوز ئاتلىق.
باشقا يارلار قانداقكى،
بىزنىڭ يارلار چىرايلىق.

هاراق ئىچمەن دەيدۇ،
چىن تەخسىدە گازىسى.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
شۇ خېنىمنىڭ ياڭزىسى.

ئەنە كەتتى شۇل خانىم،
پېشانىسى مۇز خانىم.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
چىرايلىرى ئۈز خانىم.

بۇلبۇلۇك بولاي يارىم،
شاخىڭغا قوناي يارىم.
ھەر بىرىڭ قىزىلگۈلدەك،
قايسىڭغا تۇراي يارىم؟

مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
يۈرت ئىچىدە دېگى بار.
لېۋى قىزىل جىنەستە،
سول مەڭزىدە مېگى بار.

يارىم كىيگەن ئاق كۆڭلەك،
يارىشىپتۇ، ئۈز ئىكەن.
ئۆزى شەرم-ھايالىق،
كۆڭلى-كۆكسى تۈز ئىكەن.

ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدىن،
تېرىتۇالدىم تەڭگىنى.
ئەمدى كىمگە ئوخشتاي،
سىز يارىمنىڭ رەڭگىنى؟

يارىم سەپەرگە مېڭىپتۇ،
مىنگىنى دۈلدۈل ئىكەن.
مەڭزىلىرى قىزىل ئالمام،
چاچلىرى سۇمبۇل ئىكەن.

ئاق دۆڭدىكى ئېتىزدا،
ئاخشام ئورۇغان ئەنجى بار.
دوقمۇشتىكى هويلىدا،
كۆلۈپ تۇرغان غۇنچە بار.

يولنىڭ بويى سۆگەتلىك،
كۆلنىڭ بويى تېرەكلىك.
قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ،
مېنىڭ يارىم يۈرەكلىك.

ئۇ ئېتىزلار قومۇشلۇق،
بۇ ئېتىزلار بۇدۇشقاق.
مېنىڭ يارىم كۆيۈملۈك،
سېنىڭ يارىڭ ئۇرۇشقاق.

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سياقىڭ قىلدى مەستانە؟
جاهانى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

پىيازلىقتا زاراڭزا،
ئاچىلىپتۇ هەر ياڭزا.
مېنىڭ شۇنچە كۆيدۈرگەن،
زىلۋا بويلۇق بالاڭزا.

سۇنىڭ ئىچىدە ئۆردەك،
لەيلەپتۇ ئۈنى كۆدەك.
ئۆيلەنمىگەن يارىم بار،
ئاچىلغان قىزىلگۈلدەك.

تاغدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ،
ئامبارلاردا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇل يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

ئاي دېسەم ئاسماندا يوق،
كۈن دېسەم هەر كۈندە يوق.
ئوتقا سالغان سەن ئۆزۈڭ،
بۇنچە ئوت گۈلخاندا يوق.

باغدىكى قىزىلگۈلنىڭ،
غۇنچىسى سەن، گۈلى مەن.
باغدا كاككۇك، تاغدا زەينەپ،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

مەن بۇزاڭدىن قالسام،
سايىباغ دېگەن تۈز كۆرۈنەر.
خەسدە كۆڭلەك كىيىپ،
چاۋاش قېرى قىز كۆرۈنەر.

ئاتىم بار كۆرەڭ قاشقا،
سەكرەيدۇ قورام تاشقا.
ھەر كىشىنىڭ يارى باشقا،
ئوخشايدۇ قەلەم قاشقا.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
خۇمار كۆزىنىڭ دەدىگە.
خۇمار كۆز تۇرالمايدۇ،
ئۆزى قىلغان ۋەدىگە.

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەسكەن، ئاۋاتكەن.
مەن يارىمنى قەنت دېسەم،
قەنت ئەمەسكەن، ناۋاتكەن.

دەريالارغا كەلكۈن سۇ،
ھەر توقايدا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

ئۆردەك چۈشمىگەن كۆلنىڭ،
سۈيىنىڭ تۇرۇشى بىر ئۆز.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ،
قالاپ كۈلۈشى بىر ئۆز.

ئېگىز نودىن سۇ چۈشتى،
نوغا تەگمەي شارقىراپ.
مېنىڭ يارىم ساي كەلدى،
قىزىلگۈلدەك پارقىراپ.

يار بولسا تۈزۈك بولسا،
قولدا ئۈزۈك بولسا.
ئۈزۈك سالغان قوللىرى،
قاشتېشىدەك سۈزۈك بولسا.

چوڭ چىنىدە مۇز بارمۇ؟
كىچىك چىنىدە تۇز بارمۇ؟
مۇشۇ يۇرتنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ يارىمدەك ئۈز بارمۇ.

ئاسماندىكى ئۇچالقىنىڭ،
بىرسى ئالا، بىرسى كۆك.
مېنىڭ ئانداق يارىم بار،
قاشى قارا، كۆزى كۆك.

توپا يولى بۇغۇناق،
ئارغامچىدا توخۇناق.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
خۇمار كۆزلۈك يۇمىلاق.

ئارەك بايا، ئارەك بار،
قوناقلىقتا ئارەك بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
ماڭلاي چېچى چارەك بار.

ئېگىز تاغنىڭ تۈۋىدىن،
بۇلدۇقلاپ بۇلاق چىقتى.
مەن سۆيگەن لېۋەن قىزچاق،
ۋىجدانلىق، ئوماق چىقتى.

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە،
غىلا-غىلاڭ مۇز.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم ئۆز.

يانچۇقۇمغا خەت سالدىڭ،
يۈرىكىمگە لەئىل تاش.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرمە،
زۇلپى ئۈزۈن، قەلەم قاش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يار ئۆكەننى بىلمىدىم،
گۈلزار ئۆكەننى بىلمىدىم.
تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدا،
قەنت بار ئۆكەننى بىلمىدىم.

دۇتار چالغان قولۇڭدا،
زوقۇم كەلدى خۇيۇڭغا.
گۈللەر تېرىپ ئۈستۈرەي،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا.

ئۇ گۈلدىمۇ كېپىنەك،
بۇ گۈلدىمۇ كېپىنەك.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
قارا قاش، ئۆز سىكىلەك.

جانان چىندەك جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
بىرگىنا كۈلۈپ قويۇپ،
قالاپ-قالاپ قاچقان قىز.

تاجىگۈلنىڭ ئۆزى ئۆز،
لەيلىگۈلنىڭ گۈلى ئۆز.
ۋاپادار شۇ يارىمنىڭ،
قاشى بىلەن كۆزى ئۆز.

بىزنىڭ يارلا زاۋۇتتا،
ئۇستا ماھىر يىپەكچى.
ئازنە كۈنى خەت يازدىم،
شەنبە كۈنى كەلمەكچى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
ئۇۋاسى تېرەكتىندۇر.
شېرىن سۆزلۈك يارىمنىڭ،
گەپلىرى يۈرەكتىندۇر.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۇشۇپتۇ شىراقىغا.
قاراپ-قاراپ تويمايمەن،
يارىمنىڭ سىياقىغا.

سۇغا سالدىم بېلىقنى،
سۇدىن ئالدىم بېلىقنى.
ھېچ يەردىن تاپالمىدىم،
يارىمدەك چىرايلىقنى.

كۆچەت تىكىپ باغ بولدى،
كىرىپ بېقىڭ بېغىمغا.
ساقلاپ قويغان گۈلۈم بار،
سىز چىرايلىق يارىمغا.

راۋابىمنى سازلاشتا،
كېرەك ھەر دەم قولىقى.
يۈرىكىمنى ئويناتقان،
يارىمنىڭ ئۆز قىلىقى.

تام تۈۋىدە ئولتۇرادۇر،
شايى بويلاغ شوخ يىگىت.
قاشى قۇرغۇيغا ئوخشاش،
ھېچ بىر ئېبۇەن يوق يىگىت.

شايى بويلاغ شوخ يىگىت،
ئاغزىڭدىن شەربەت ئاقار.
كۆزلىرىڭ جاننى ئېلىپ،
يۈرەكلەرگە ئوت ياقار.

سەنمۇ باغدىكى گۈلدەك،
مەنمۇ باغدىكى گۈلدەك.
خۇشال-خۇرام ئويناپلى،
سايراپ تۇرغان بۇلبۇلدەك.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇپ ئاپتۇ.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ ئاپتۇ.

ئېيانىدا يوللارى،
بىيانىدا يوللارى.
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ،
ئۈزۈك سالغان قوللارى.

قاشلىرىڭ قىيغان قەلەمدەك،
سىرلىق باقار كۆزلىرىڭ.
قىزىرىپ پىشقان ئانارىدەك،
زەپمۇ چىرايلىق يۈزلىرىڭ.

«خېنى، خېنى» دېسىلە،
«خېنىنى ئۈزۈپ بەر» دېسىلە.
قىيا باققان يارىمنى،
«باغدا گۈلچى» دېسىلە.

ئاق ئالمامنىڭ گۈلى ئاق،
ساناپ باقسام بىرى تاق.
ئۆتۈۋالدى كۆڭلۈمنى،
ئىشچان يارىم خۇش چاقچاق.

يېڭى ئۆي مېنىڭ بولسا،
سېمونتتا سۇۋاتسام.
لېۋەن يار مېنىڭ بولسا،
مەشرەپلەردە ئويناتسام.

تاتلىقلارنىڭ ئىچىدە،
ناۋات تاتلىق، قەنت تاتلىق.
ئىشەنمەيمەن ئۇنىڭغا،
يار ھەممىدىن سەن تاتلىق.

چىنەم بار كىچىككىنە،
چىپىم بار سۇزۇككىنە.
يېڭىدىن بىر يار تۇتتۇم،
خوپ بەلەن تۈزۈككىنە.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
توخۇدىن تولا توشقان.
ياردىن ئايرىلالمايمەن،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

قارا ماشنى تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى يېشىل ماش.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
غۇنچە بويلۇق قەلەم قاش.

كۆزدە كەتكەن قارلىغاچلار،
ئەتىيازدا كېلىدۇ.
مېنىڭ يارىم نەغمىدە،
ئۇسسۇل ئويناپ كېلىدۇ.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ،
يىلتىزى بۇرغۇي بولا.
مېنى كۆيدۈرگەن قارا كۆز،
ئىزدىسەم قۇرغۇي بولا.

يارنىڭ چېچى تاجىدەك،
بۇرنى خۇددى ناچىدەك.
ھەر قېتىم تېپىشقاندا،
يۈگىشىدۇ قامچىدەك.

باغدىكى بولجا تېرەكتەك،
ئۆيىڭىزنىڭ تۈزلىكى.
باغدا پىشقان ئالمىدەك،
يۈزىڭىزنىڭ ئۈزلۈكى.

ئىشىك ئالدى يۇلغۇنلۇق،
ئايىغى قىزىلگۈللۈك.
يېڭىيارچە يار تۇتسام،
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

مەن بارايمۇ، بارمايمۇ،
سەن يارىمنىڭ مەلىسىگە؟
مەن يارنى تېگىشمەيمەن،
چىرايلىقنىڭ ھەممىسىگە.

«چىرا خەلق قوشاقلىرى توپلىمى»دىن تەييارلاندى
توپلىغۇچى: زۇلئىپار ياسىن

توغرا كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بۆشۈك تويى ھەققىدە

تاش توختى

يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ بوستانلىقتا تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتاش كەتكەن كەڭ زېمىندا ياشاۋاتقان خەلقلەر ئارىسىدا يىگىت-قىزنىڭ نىكاھ تويى، ئوغۇل باللارنىڭ سۈننەت تويى (خەتنە تويى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن باشقا يەنە بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈش ئادىتىمۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

يېڭىدىن توي قىلغان ئەر-خوتۇنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا پەرزەنتلىك بولۇشتىنمۇ ئارتۇقچە خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن تۇنجى پەرزەنت ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولۇپ بوۋاق مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن ئاتا-ئانىنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا شادلىق ئاتا قىلىدۇ. تۇنجى پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشى ھەر ئىككى تەرەپ قۇدىلار ئۈچۈنمۇ چوڭ بىر خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قۇدا ئوغلۇمنىڭ تۇنجى پەرزەنتى دەپ كېيىنكى ئىشلارغا تەييارلىق قىلسا، قىز تەرەپ قۇدىمۇ قىزىمنىڭ تۇنجى پەرزەنتى دەپ كېيىنكى ئىشلارغا ئالدىراش تەييارلىق قىلىدۇ، چۈنكى تۇنجى پەرزەنت ئەۋلاد بىلەن ئەجدادنى بىر-بىرىگە ئۇلايدىغان رىشتە ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەپ تەربىيەلەيدىغان ئادەت بار، بىر ئائىلىدە ئادەتتە بىر-ئىككىگىچە بۆشۈك بولىدۇ. بۆشۈك بوۋاقنى بۆلەپ تەۋرىتىپ ئۇخلىتىش ئۈچۈن ياغاچچى ئۇستىلار تەرىپىدىن مەخسۇس ياسالغان جابدۇق بولۇپ ئۇ تۆۋەندىكى

بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

ئۇستۇنكى بالداق، ئوستۇنكى بالداق يېنىدىكى مۇنار، تۆت پاچاق، ئىككى يان چېتىق، ئىككى تەرەپ ۋادەك، تېگى يان ياغاچ، تېگى پەنەرگە، جاكا قويۇش ئۈچۈن ئويۇلغان يۇملاق تۆشۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۆشۈكنىڭ سەگۈنچەك، مۇنارلىق بۆشۈك، مەخسۇس ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان بۆشۈك قاتارلىق تۈرلىرى بار. نۆۋەتتە ھەرقايسى تاللا بازارلىرىدا زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن چىرايلىق سىرلار بېرىلگەن قاتلىما بۆشۈك، تەۋرەنمە بۆشۈك قاتارلىقلار سېتىلىۋاتىدۇ.

بۆشۈك ئادەتتە خىلمۇخىل رەڭلىك سىرلار بىلەن سىرلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاق ياستۇقى، كۆرپە، ئەديال، تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن بۆشۈك يايپۇچ، قول تارتقۇ بىلەن زىننەتلىنىدۇ. بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقنىڭ تېگىنىڭ پاكىز، قۇرۇق بولۇشى ئۈچۈن جاكا ۋە شۈمەك تەييارلىنىدۇ. بۆشۈكنىڭ يۇملاق ئويۇلغان ئاستى تەرىپىگە جاكا قويۇلىدۇ، ئانىنىڭ بۆشۈكنى يەڭگىل تەۋرىتىشىگە ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتقان رىتىملىق ئەللەي ناخشىسى قوشۇلۇپ بوۋاقنىڭ تىنچ - خاتىرجەم ئۇخلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەللەي ناخشىسى ئالدى بىلەن بوۋاقنى سۆيەتلەشتىن باشلىنىپ پەس، رىتىملىق، مۇڭلۇق، بوش ئاۋازدا بوۋاق ئۇخلىغىچە ئېيتىلىدۇ.

جان بالام جىنىم بالام،
چېچى قوڭدۇر جان بالام،
قارا قاشلىق جان بالام،
تال - تال كىرپىك جان بالام،
ئەللەي... ئەللەي،
چولپان كۆزلۈك جان بالام،
ئانار يۈزلۈك جان بالام،
خوپ ياراشقان قاڭشىرى،
خۇددى ئويماق ئېغىزى،
ئاق پاختىدەك بەدىنى،
پىخ - پىخ ئېتىپ كۈلۈشى،
بۇدرۇق ئۇنىڭ قوللىرى،
تىپچەكلەيدۇ پۇتلىرى،
جان بالام ئەللەي.

ئانا بوۋاقنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئۇخلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە بوۋاققا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، قەلب سۆيگۈسىنى ئىپادىلەپ ئەللەي ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

جان بالام جىنىم بالام،
كۈچ مادارىم جان بالام،
كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام،
ئوتى يامان جان بالام،
كۆيدۇردۇڭ يۈرەكمنى،
ساڭا تەقدىم ئېتەي مەن،
ھاياتىمنىڭ بارىنى،
ئەللەي بالام ئەللەي.

ئەللەي ناخشىسى ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئۈمىد - ئارزۇلىرى، گۈزەل ئارمان تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەللەي ناخشىسىنىڭ تېكىستىنى قايسىبىر ئەدىب يازغان بولماستىن بەلكى ئۇ ھەر بىر ئانىنىڭ يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۆز پەرزەنتىگە بولغان ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەن مىسرالاردىن ئىبارەت. ئەللەي ناخشىسى سۈت بىلەن بىللە پەرزەنت ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن ناخشا بولۇپ ئۇنى ھەر بىر يۈرەك ئىگىسى ئۆزى كۆيلەيدۇ، ئىجاد قىلىدۇ، ئەللەي ناخشىسى پەرزەنت تەربىيەسى ئۈچۈن پۈتۈلگەن ئەبەدىي تۈگىمەس مۇھەببەت ناخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۆشۈك تويى كۆزى يورۇپ پەرزەنت كۆرگەن ئايالنىڭ قىرقى (ئايالنىڭ كۆزى يورۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن) توشقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان توي بولۇپ ئايالنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۆشۈك تويىغا ئاساسەن ئاتا بولغان ئوغۇلنىڭ ئانىسى، بىر تۇغقان ئايال قېرىنداشلىرى، قولۇم - قوشنىلار تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ، بۆشۈك تويىغا كەلگەن مېھمانلارنى كۆزى يورۇغان ئايالنىڭ ئانىسى (ئايال قۇدا) ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىدۇ، مېھمانلار ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن مېھمانلار بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ساق -

www.uyghurkitap.com



سالامەت يەتكۈزۈلگەنلىكىنى مۇبارەكلەپ ئانا ۋە بوۋاققا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ـ ئامەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى ئاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاقنى سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ مېھمانلارغا بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايال تەرەپ قۇدىنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ ئايال تۇغقىنى بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سېلىپ ھەرخىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن كۈيۇ ئوغۇل تەرەپ قۇدا بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا ئېلىپ كەلگەن كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق سوۋغا سالاملىرىنى داستىخانغا قويىدۇ، قىز تەرەپ قۇدىمۇ كۈيۇ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ھەر بىر مېھمانغا ئۆز لايىقىدا سوۋغا ـ سالام بېرىدۇ. بۆشۈك تويىدا ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا، ئىسراپچىلىققا يول قويۇلمايدۇ. بۆشۈك تويىنىڭ باشقا تويلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ئۇنىڭغا ئاياللار تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئەرلەر تەكلىپ قىلىنمايدۇ، قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام بېرىش، قويۇشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يېشى ئەڭ چوڭ ئايال بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بويىغا ئىسرىق سېلىپ ئۇلارغا سالامەتلىك، بەخت تىلەيدۇ، كۈيۇ ئوغۇل تەرەپ قۇدا بوۋاق ۋە كېلىننى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا ئايال تەرەپ قۇدا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ، يېشى ئەڭ چوڭ ئايال ئاپپاق كۆرپىگە يۆگەلگەن بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئەللەي ناخشىسىنى ئوقۇپ بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن خەيرلىشىدۇ.

كۆزۈمنىڭ قارىسى بالام،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام،
مېھرى ئىسسىق جان بالام،
كۈچ مادارىم سەن بالام.
ئاتا ـ ئاناڭغا تاپشۇردۇم،
ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن بالام،
ئەقىل تاپقىن جان بالام،
ياخشى ئادەم بول بالام،
ئەللەي بالام ئەللەي.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ قۇدىلار بىر-بىرى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ.

(ئاپتور: مەكتەپ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ پىنسىيونېرى)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىمىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# كاتتايلىقلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئادىتى

تۇرغۇن پەيزۇللا يۇلغۇن

بالىلارنى ئەدەپلىك، قائىدىلىك، يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ھەم مەجبۇرىيىتى. بۇ مەسئۇلىيەت ھەم مەجبۇرىيەتكە سەل قارىغان ئاتا - ئانا جەمئىيەتكە بالا ئەمەس بىر بالا تەربىيەلەپ بېرىدۇ، خالاس. شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ بالا تەربىيەلەشلىرىدە ئورتاقلىق ھەم ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت، بۇنداق بولۇشى تۈرلۈك تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

كاتتايلاقلىقلار بالا تەربىيەلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ. بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تۇرمۇشتا پىشىپ، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىغا، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، مۇستەقىل ياشايدىغان، ئاكتىپ، ساغلام روھنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئۈلگە بولىدۇ. يۇرتىمىزدىكى ئاتا - ئانىلار ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگىچە، پەرزەنتلىرىنىڭ يارامسىز چوڭ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك تەربىيەسىنى توختىتىپ قويمايدۇ. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىغا يېڭى كىيىم كىيگۈزمەي تۇرۇپ، ئۆزى يېڭى كىيىم كىيمەيدۇ. ئاتا - ئانىسىغا دېمەي تۇرۇپ، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقمايدۇ. ئەتىگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەھۋال سورىۋەت-
مىگىچە باشقا ئىشلارغا تۇتۇنمايدۇ. شۇنى پەخىرلىنىش
بىلەن جاكارلاشقا ھەقلىقمىزكى يۇرتىمىزدا باي
بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن ئاتا ـ ئانىلار، پەرزەنتلەر
تەرىپىدىن خارلىنىپ قالىدىغان، ئاتا ـ ئانىلار، يوقىلاڭ
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىلىرىدىن ۋاز كېچىدىغان لەنەت-
لىك ئىشلار يۈز بەرگەن ئەمەس، مانا بۇ ئاتا ـ
ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ كارا-
مىتى. شۇنداق، مۇھەببەت كۆپ قاتلاملىققا ئىگە.
ۋەتەن مۇھەببىتى، يۇرت مۇھەببىتى، ئائىلە مۇھەببىتى،
بالا مۇھەببىتى، ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتى... ۋاھاكازالار.
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس-
لىك يوق. چۈنكى مۇھەببەتتىكى بۇ مۇقەددەسلىك بول-
مايدىكەن، بالىلارنىڭ ۋاپادار، كۆيۈمچان، مېھرىبان
بولۇپ چوڭ بولۇشىدا ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن
تارتىپ سىڭدۈرۈلگەن ئائىلە تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم
رول ئوينايدۇ.

ئائىلىنىڭ بالىلارغا بولغان تەلىم ـ تەربىيە مۇھىتى،
ئائىلىنىڭ تەشكىللىنىشى، تۈزۈلۈشى ھەم بىرلىكىدە
مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلارغا بولغان تەلىم ـ تەربىيە
مۇھىتى ساغلام بولمايدىكەن، جەمئىيەت ئېكولوگىيەسى-
گە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت ئېكولوگىيەسى بۇزۇل-
دىكەن ئادەملەرنىڭ ياشاش پىسخىكىسىدا كاشىلا كۆرۈ-
لىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر يۇرت، بىر قوۋمنىڭ بارلىق
ئىشلىرىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، ئادەملىرى ساغلام
بولغان ياشاش كاپالىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، بىۋا-
ستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇق-
لارنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق توسقۇنلۇقنىڭ زىيىنى بەك
ئېغىر، ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئورنىنى تولدۇ-
رۇۋالغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ
يەتكەن كاتتايلىقلار بالىلارنى ئائىلە تەربىيەسىدىن
باشلاپ ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل
بۆلۈپ كەلدى.

كاتتايلاقلىقلار ئائىلە تەربىيەسىنى بالىلارنىڭ ئەت-
راپلىق تەربىيەلىنىشىنىڭ يىلتىزى دەپ قارايدۇ. دېمىسە-
مۇ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى ناھا-
يىتى مۇھىم، بالىلارغا ساغلام بولغان ئائىلە مۇھىتى يا-
رىتىپ بېرىش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ھەمدە مەجبۇرىيىتى. يۇرتىمىز-
دىكىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بالىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتى-
دارىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ تەربى-
يەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىدىن ئىبارەت زەنجىرسىمان
تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن ھەم ئائىلە
تەربىيەسىنى ئاساسىي ئورۇندا قويغان ۋە ئەمەلىيەتنى
مۇھىم دەرسلىك ماتېرىيالى قىلغان. ھەر بىر ئىشتا بالى-
لارغا ئاۋۋال ئۆزلىرى ئۈلگە بولغان. ئەمەلىيەت ئارقى-
لىق بالا تەربىيەلەشنىڭ سېھرىي كۈچى ناھايىتى مۇھىم
بولۇپ، بالىلارنى ياخشىغا يېتەكلەپ، توغرىغا باشلاشتا،
ئۇلارنىڭ ئادىل ۋە دانا بولۇشىدا، ئالدىن كۆرۈش
ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنىمۇ
ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئائىلە مۇھىتىنىڭ بالى-
لارغا بولغان تەسىرى بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.
ساغلام ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارنىڭ پىسخىكى-
سى ساغلام بولىدۇ، ساغلام بولمىغان پىسخىكىدىكى
بۇنداق بالىلارنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى مۇجمەل، ئەترا-
پىدىكى مۇھىتقا بولغان پوزىتسىيەسى پاسسىپ، مۇستە-
قىللىقى كەمچىل، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشچانلىقى كۈچلۈك
بولۇپ، ئىرادىسىز چوڭ بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى
ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە تەربىيەسىنى دەل ۋاقتىدا، دەل جا-
يىدا ئېلىپ بېرىشنى بەك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ
كەلدى. يۇرت دېگەننىڭ يارامىلىق ئەۋلادلارنىڭ قان ـ
تەرى بىلەن كۆكلەپ، روناق تاپىدىغانلىقىنى، نادانلىق-
نىڭ ئەۋلادلارنى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئا-
خىرى بېرىپ بىر قوۋمنى كېرەكتىن چىقىرىدىغانلىقىنى
چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىنى ھەر
جەھەتتىن يارامىلىق چوڭ بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، بالى-
لارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا
قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى تونۇيدىغان، دوست ـ
دۈشمەننى پەرق ئېتىدىغان، يىراققا نەزەر تاشلايدىغان
ئەۋلادلاردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىماي

كەلدى. بالىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش قورالى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، ئۇلارغا بولغان مۇستەقىللىق، ئەدەپ - ئەخلاق، مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق توغرىسىدىكى تەربىيەلەرنى بوشاشتۇرمايدۇ. بالىنى پاكىز تەربىيەلەش، ياخشى خۇلق، ياخشى ئادەتلەرگە ئۆگىتىش ئانىنىڭ ساپاسىغا باغلىق.

1. بالىلار ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىشنى، ئۇلارنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ، بالىلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمنى پۇختا بېسىشى ئۈچۈن ئىلھاملار بېرىدۇ. قىز - ئوغۇللارنى ئايرىۋېتىدۇ. بالىلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى توغرىلاپ تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت سەگەك بولىدۇ. ئۇلارغا تۈرلۈك ئەدەپ - قائىدىلەرنى ئۆگىتىشنى كىچىكىدىن باشلاپ، بالىلىرىنىڭ بەتخۇيلۇق، تېز ئاچچىقلىنىدىغان، يوق نەرسىنى ئارزۇ قىلىدىغان ناچار تەبىئەتلىك چوڭ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇلارغا قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق دەپ قارايدۇ، بالىلارنى قورقۇتۇشنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدۇ. بالىلارنىڭ بەدىنى، ئۇستىبېشىنىڭ پاكىز بولۇشىغا، تىرناقلىرىنىڭ ئېلىنىپ تۇرۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، كىيىم كىيىشىنىڭ رەتلىك بولۇشىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداقلا يەنە بالىلىرىغا تاماق يېيىش، چوڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇش جەريانىدىكى ئەدەپ - قائىدىلەرنى بىلدۈرۈشنى ھەممىدىن زۆرۈر دەپ قارايدۇ. چەكلەنگەن ئويۇنلارنى ئوينىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. بالىلارغا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇشنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگىتىش كاتتايلاقلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يەنە بىرىدۇر.

2. ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيەسىنى روھىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ئەدەپ ئادەمگە بەخت ئاتا قىلسا، ئەخلاق گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ساغلام بولمىغان ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ پسىخىكىسىمۇ ساغلام بولمايدۇ.



MIRAS

www.uyghurkitap.com



بۇنداق بولغانىكەن ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتمۇ بىنورمال بولىدۇ. نورمال بولمىغان روھىي ھالەت بىلەن ياشىغان بالىلار جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ، جەمئىيەت تەلىم - تەربىيە مۇھىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدە ھالقىلىق رول ئويناپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بالىلارغا ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. چۈنكى ئەدەپ - ئەخلاق ئادىمىيلىك، بارلىق نەتىجە، خۇشاللىقلارنىڭ مەنبەسى. بەخت - سائادەتنى ئىلىم ۋە ئەخلاقنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. خەلقىمىز بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەخلاق ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ئائىلىدە، جەمئىيەتتە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرىنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، بالىلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، يامانلىقلاردىن توسۇپ كەلمەكتە. تۇرمۇشىمىزدا بالىلارنى ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيەلەش، ئۇلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

بالا تەربىيەسىدە دادا بىرئاز قاتتىق قول، ئانا كۆيۈمچان بولۇپ، بالىلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى مۇۋاپىق قاندۇرۇلىدۇ. شۇڭا كۆپ قىسىم بالىلار ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قىزغىن، تېتىك، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، قىزغىن، جانلىق، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان مۇلايىم، سەممىي، چىچەن، ئىرادىلىك، ئىچكى كۈچلۈك ھەم ھەمكارلىق روھى كۈچلۈك چوڭ بولىدۇ. ھەمكارلىق كۈچەيگەن ئەلدە پەزىلەتلىك جامائەت توپىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق جامائەت توپىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بالىلارغا بولغان ئەخلاقىي تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك، ئەخلاق ئادەملەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ياخشى ھەرىكەتلىك بولۇشقا، خەير - ئېھسانىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا يېتەكلىسە، ھورۇنلۇق، بىكارچىلىق، بىلىمسىزلىك، ئاڭسىزلىق، ھۈنەرسىزلىكتىن توسۇيدۇ.

3. بالىلارغا ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدىكى تەربىيەنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنى ئۈمىدلىك بولۇشقا، ئىشەنچ بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۈمىد — غەلىبە. ئىشەنچ — ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ! شۇنداقكەن ئۈمىد - ئىشەنچتىن ئايرىلغان بالىلارنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ئاتا - ئانىلىرىغا، يۇرت، ۋەتىنىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ تۇتامى بولمايدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ قەلبىدە كىچىكىدىن تارتىپلا ئۈمىد - ئىشەنچ تۇغىنى لەپىلدىتىش، ئۇلارنىڭ ساغلام روھىي ھالەت يېتىلدۈرۈشىدە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. كىچىكىدىنلا بالىلارنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشنى نومۇس دەپ قارايدىغان ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا بالىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندىمۇ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، ئۈمىد، ئىشەنچنى يوقىتىۋەتمەي چوڭ بولىدۇ.

4. ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق توغرىسىدىكى تەربىيەنى بوشاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە مېھىر - مۇھەببەتنى نۇرلاندۇرۇشنى بالىلار تەربىيەسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. بۇ خىل تەربىيە بالىلارنىڭ قەلبىدە مېھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقىنى بىخلىنىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش، ئاجىزلارنى يۆلەش، غېرىب - مىسكىنلەرگە غەمخورلۇق قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىمىزدىكى مۇقەددەس ھېكمەتنى بالىلارغا ھېس قىلدۇرۇپ، مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا ئاساس سالىدۇ.

5. بالىلارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا يۇرتنى سۆيۈش، يۇرتقا سادىق بولۇش توغرىسىدا داۋاملىق ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا يۇرتىغا بولغان مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. «ياقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دېگەن ھېكمەتنى پات - پات ئەسكەرتىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يۇرتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بالىلارغا ھېس قىلدۇرۇش يۇرتنى سۆيۈشنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى بالىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يۇرتقا بولغا مۇھەببەتنى، ۋەتەنگە بولغان ساداقەتنى ئۇلغايتىدۇ.

6. بالىلارغا مۇۋاپىق بولغان ئالاقە سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرى

سۈرۈلۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ قىزىقىش ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن تەلەپلەرنى قويۇشنى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز دەپ بىلىدۇ. بالىلاردا ساغلام بولغان مۇستەقىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام مۇھىت ئىچىدە نورمال ئالاقە قىلىشىنى ئانچە چەكلەپ كەتمەيدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىشى بىلەن مۇۋاپىق كۆڭۈل ئېچىشنى بىرلەشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بالىلاردىن ئالاھىدە ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇلارغا بېسىم ئەپكېلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشنى ئورۇنلۇق دەپ قارايدۇ. بالىلارنىڭ ئەركىن مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چەك قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇۋېلىشنى خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ بىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆز قىزىقىشىغا، كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەركىنلىكى ۋە ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىنى كونترول قىلىۋالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قاندەك قويۇقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلارنى مېھىر - مۇھەببەتلىك، ياخشى خۇلق ئىگىسى، ئىزگۇ نىيەت ۋە گۈزەل پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سېلىش بىلەن بىللە ئۇلارغا بىرلىك، ئۆملۈكتىكى مۇقەددەس ھېكمەتنى، ئۇيۇشقاقلىقتىكى ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. شۇڭا بالىلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا دوست - بۇرادەرلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئىناق، ئىتتىپاقلىقنى ئاسرايدىغان، ئۆگىنىشكە ماھىر ئۇلۇغۋار روھ يېتىلىدۇ.

7. ئاتا - ئانىلار بالىلارنى مېھىر - مۇھەببەتلىك قىلىپ تەربىيەلەشنى، تەربىيەنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بارىدۇ ھەم بالىلىرىغا بولغان ئىتتىپاقلىق ھەم دوستلۇق توغرىسىدىكى تەربىيەنى بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا بېشىغا كەلگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق، مۈشكۈلچىلىكلەرنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرىگەندىلا يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇتىدۇ. چىن دوستلۇق — ئۆزئارا چۈشىنىش، بىر - بىرىگە ئىشىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا يۇرتىمىزدىكى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ دوستلۇقنى قەدىرلەش، دوست تۇتۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئاڭنى بالىلىرىدا كىچىكىدىن تارتىپلا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئائىلە بويىچە ئۆزئارا بېرىپ - كېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەمكارلىشىش، مېھماندارچىلىق، لاپقۇتلىشىش، قوشنىدارچىلىق قاتارلىقلاردىكى ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى كۈچەيتىدۇ، بالىلارنى دوستلىرى بىلەن پات - پات بىر داستىخاندا غىزالاندۇرىدۇ. بىللە غىزالىنىش بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا مېھىر - مۇھەببەت، ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا ئۆزئارا ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشۇپ، چىقىشىپ، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇرۇشماي - تالاشماي ئۆتۈش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرى، شۇنداقلا بالىلار ئارىسىدىكى ئۇچرىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارنىڭ دوستلۇق چۈشەنچىسى ھەم دوستلۇقنى قەدىرلەش ئېڭى تەدرىجىي يېتىلىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، كىشىلىك قاراش، ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەت، ئەخلاق تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان، بۈگۈنكى ئۇچۇرلاشقان دەۋردە كاتتايلاقلىقلار، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىنسانىي قارىشى بىلەن ئەخلاقىي - پەزىلەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيەسى بىلەن زامانىۋى ئائىلە تەربىيەسىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ۋاپا - ساداقەتلىك، كەلگۈسىگە يارامىلىق، يۇرتىنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىدىغان، غەيرەتلىك، جاسارەتلىك، چىدامىلىق بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقالايدۇ.

(ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايلاق يېزا رادىيو - تېلېۋىزىيە پونكىتىدا)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاۋات ناھىيەسىدە ئېرىق بىلەن ئاتالغان يەر - جايناملىرى

تۇرغۇن مىجىت قادىرى

ئاۋات ناھىيەسى — تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بىپايان مۇنبەت تۈزلەڭلىككە تەۋە ئېكىنزار ماكان. بۇ ناھىيە قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەريالىرىنىڭ ئاقسۇ دەرياسىغا قوشۇلۇش ئېغىزىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەل شارائىتلار تۈپەيلى قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئاھالىلەر مەخسۇس مەھەللە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئاساسەن ھەرقايسى دەريالارنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنى بويلاپ سۇ قوغلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان. مەسىلەن: مەن بىلىدىغان مەھەللىلەردىن ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى قاغىمۇشتىن باشلانغان بىر ئېقىن باشلىنىپ ئايباغ يېزىسىنىڭ ئۈستۈنكى كەلپىن ۋە تۆۋەنكى كەلپىن مەھەللىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ غوروچۆل بازىرىنىڭ قىياقۇدۇق، قېدىمقىئايماق، كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى خاڭگۇك كەنتىدىكى قۇمقۇدۇققا قوشۇلىدۇ، يەنە بىر ئېقىن غوروچۆل بازىرىنىڭ تۇغلۇقئالتۇن، خەلپەم، لايداڭ، قارتال كەنتلىرىنى، خاڭگۇك كەنتىنىڭ 1 - گۇرۇپپىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ خاڭگۇك بىلەن قارتال كەنتىنىڭ چېگراسىدىكى كۆز يەتكۈسىز سازلىققا قۇيۇلىدۇ. ھازىر بۇ جىلغا، ئېقىن ۋە سازلىقلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى ئوتتەك يەر قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا كۆن غەربكە قايرىلىپ، كەچ پېشىم بىلەن شۇ جايلارغا بارغىنىمىزدا تورلۇك، تۈمەن خىل سۇ قۇشلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان خىلمۇخىل ئاۋازلاردا سايرىشىپ دىرىدۈرسىز چېلىنغان مۇڭلۇق بىر سىمفونىيەنى ئاڭلىغاندەك ناھايىتى ھۇزۇر ئالاتتۇق، زوق ئالاتتۇق. بۇ مۇنبەت تۇپراقنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ كەلگەن ئەقىللىق دولان خەلقى — دەريا بويلىرىدىكى، ئېقىن بويلىرىدىكى مۇنبەت تۇپراقنى ئۆزلەشتۈرۈش، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەرگە ئايلاندۇرۇش، ھاياتلىقنىڭ تۈپ مەنبەسى بولغان، ئاشلىق زىرائەتلەرنى، كۆكتاتلارنى تېرىش، باغ - بوستانلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىغا تايىنىپ، مەھەللىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئۆستەڭلەرنى، ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئېرىقلارنى شەكىللەندۇرۇپ ياكى چېپىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

«ئېرىق» ئەسلى «ئېرىغ» بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ، ئېرىقنىڭ لۇغەت مەنىسى — پاكىز، تازا، بۇلغانمىغان... دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىز دولانلىقلار ئېرىقتا ئاققان سۇلارنى پاكىز دەپ بىلىپ، قاپاق، سوغا، مالتاقلارغا نوگايلار بىلەن قاچىلاپ (ئېلىپ) ئائىلىسىگە ئاپىرىپ ئىشلەتكەن، ئۇزۇن سەپەرلەردە، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئەمگەك قىلىۋاتقانلاردا نوگايلار بىلەن، نوگاي بولمىسا ئوچۇملاپ، ئالدىراپ قالغۇدەك بولسا دۈم يېتىپلا ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇشۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز، جۇملىدىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئاسمىنى كۆك، زېمىنى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇش ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مۇھىت ئاسراشتا ياخشى ۋەزىيەتلەر شەكىللەندى.

مەن تۆۋەندە ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم «ئېرىق» بىلەن ئاتالغان يەر، جاي - ناملىرى ئۈستىدە كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتىمەن.

### 1. يېزا ناملىرى

#### 1) بەشئېرىق بازىرى

بەشئېرىق بازىرى — ئاۋات بازىرىنىڭ شىمالىغا 18 كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئاقسۇ - ئاۋات يول بويىغا، ئاقسۇ يېڭى دەرياسى بىلەن ئاقسۇ كونا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئاقسۇ دەرياسىغا، شىمالىي تەرىپى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش يېزىسىغا، غەرب تەرىپى تامتوغراق يېزىسى، باغتوغراق يېزىسى بىلەن قوشنا.

1930 ـ يىلدىن بۇرۇن باغتوغراق يېزىسىنىڭ قاراكۆر-
جەك، داغلىق (هازىرقى مول هوسۇللۇق 1 ـ مەيدان تـە-
ۋەسىدىكى تـەبىئىي كـەنت)، بـاغتوغراق قـاتارلىق ئـۈچ
كـەنت ئـاقسۇ نـاهىيەسى (هـازىرقى ئـاقسۇ شـەھرى)نىڭ
بەشئېرىق رايونىغا تەۋە ئىدى، 1938 ـ يىلى بۇ ئۈچ كەنت
ئاۋات ناهىيەسىنىڭ غوروچۆل رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىل-
دى. بەشئېرىق رايونىنى 1958 ـ يىلى ئـاۋات نـاهىيەسىنىڭ
باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، نامىنى «بەشئېرىق خەلق
كوممۇناسى» دەپ ئاتىدى. 1967 ـ يىلى «قىزىل بايراق»
خەلق كـوممۇناسىغا ئـۆزگەرتكەن، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئـايدا
مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ، بەشئېرىق يېزىلىق خەلق
ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 1998 ـ يىلى كۈزدە بەشئېرىق بازار-
لىق خەلق ھۆكۈمىتى، بەشئېرىق بازىرىغا ئۆزگەرتىلگەن.

«باش ئېرىق» سۆزى «ئېرىقنىڭ بېشى» دېگەن مە-
نىدە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆز-
گىرىشلەر تۈپەيلىدىن «بەشئېرىق» دەپ ئاتىلىپ ئـومۇمـ-
لاشقان. يەنە بەزى كـىشىلەرنىڭ دەپ بـېرىشىدە، «بـاش
ئـېرىق» ئـەمەس، بـەلكى هـازىرقىغا ئـوخشاش «بـەش
ئـېرىق» يـەنى بـەشئېرىقنىڭ هـەرقايسى كـەنت، مـەھەللە،
ئايماقلىرىغا سۇ ماڭىدىغان بـەش قـولدەك بـەش ئـېرىق
بولۇپ شۇ ئېرىقلار ئارقىلىق بەشئېرىق خـەلقى دېھقانچى-
لىق، باغ ـ ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى-
دۇ، شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ «بەش ئېرىق» دېگـۈچىلەر بـار،
بۇنىڭ قـايسىسىنىڭ تـوغرا ئـىكەنلىكىدە تـەتقىقاتچىلارنىڭ
تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**2. يېڭىئېرىق يېزىسى**

1) يـېڭىئېرىق يـېزىسى ـــ ئـاۋات نـاهىيە بـازىرىنىڭ
غەربىي شىمالىغا 32 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ،
شەرقتە تامتوغراق يېزىسى بىلەن، غەربتە يېزا ئىگىلىك 1 ـ
دىۋىزىيەنىڭ 2 ـ تۇەنى بىلەن، شىمالدا ئاقسۇ شـەھرىنىڭ
ئايكۆل بازىرى بىلەن چېگرىداش.

«يېڭىئېرىق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مـەنبەسى:
بۇ يەر بۇرۇن توغراقلار قويۇق ئـۆسكەن، ئـوت ـ چۆپلەر
بىلەن قاپلانغان، كۆلچەك، سازلىقلار كۆپ، ئېرىق ـ ئـۆس-
تەڭلىرى ئەگرى ـ بـۈگرى كـەتكەن تـوغراقلىق ئـىدى. بـۇ
يەرگە هازىرقى ئاقسۇ، ئونسۇلاردىن دېھقـانلار كـۆچۈرۈل-
دى، ئۇلار ئاۋۋال قۇمباش، بەشئېرىق، ئايكۆل ئۆستەڭلە-
رىنى چېپىپ، سۇ بـاشلاپ كـېلىپ، بـوز يـەر ئـاچتى. كـېيىن
يـەنە ئـونسۇ قـاتارلىق جـايلاردىكى دېھقـانلار بـۇ يـەرگـە
كېلىپ، بىر يېڭى ئۆستەڭ چېپىپ، بۇ ئـۆستەڭنىڭ چېپىلغان
ۋاقتى يېقىندا ئېچىلغان ئۆستەڭلەردىن كېيىن بولغاچقا، «-
يـېڭىئېرىق» دەپ نـام بـېرىلدى. يـەنى «يـېڭى چـېپىلغان
ئېرىق ـ ئۆستەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئـېرىقنىڭ
نامى كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەر نـامىغا ئـايلاندى.
يەنە بـەزى كـىشىلەرنىڭ دەپ بـېرىشىدە، «يـېڭى ئـېرىق»
ئەمەس، بەلكى «يان ئېرىق» يـەنى قـۇمباش، بـەشئېرىق،
ئايكۆل ئۆستەڭلىرىنىڭ يېنىدىن يانداپ چىقىرىلغان، قـىيىپ
ئېلىنغان ئېرىق بولغاچقا «(يـانئېرىق) دەپ ئـاتالغان» دې-
گۈچىلەرمۇ بار، بۇنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە تـەت-
قىقاتچىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**3. كەنتناملىرى**

1) ئۈستۈنكى قۇمئېرىق كەنت كـومىتېتى. بـەشئېرىق
بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.8 كـىلومېتىر يـى-
راقلىقتا جايلاشقان. 1958 ـ يىلى قۇمئېرىق 1 ـ چوڭ ئەترە-
تى بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يـىلى كـوممۇنانىڭ 1 ـ چوڭ
ئـەترىتىگە ئـۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يـىلى قـۇمئېرىق چوڭ
ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى ئۈستۈنكى قـۇمئېرىق
كەنت كـومىتېتى قـۇرۇلغان. ئـۈستۈنكى قـۇمئېرىق كـەنتى
بەشئېرىق بازىرىنىڭ ئاقسۇ چېگراسىگە هـەم بـەشئېرىقنىڭ
ئۈستىن بېشىغا جايلاشقاچقا، «ئۈستۈنكى قۇمئېرىق (قـۇمـ-
لىقتىكى ئېرىق) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

2) تۆۋەنكى قۇمئېرىق كـەنت كـومىتېتى. بـەشئېرق
بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.6 كـىلومېتىر يـى-
راقلىقتا جايلاشقان. 1958 ـ يىلى قۇمئېرىق 3 ـ چوڭ ئەترە-
تى بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يـىلى كـوممۇنانىڭ 3 ـ چـوڭ
ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى تۆۋەنكى قۇمئېرىق
چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى تۆۋەنكى قۇمئې-
رىق كـەنت كـومىتېتى قـۇرۇلغـان. تـۆۋەنكـى قـۇمئېرىق
كەنتى ئـۈستۈنكى قـۇمئېرىق كـەنتىنىڭ تـۆۋەن تـەرىپىدە
بولغاچقا، «تۆۋەنكى قۇمئېرىق(قۇملۇقتىكى ئـېرىق) دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن.

3) ئۈستۈنكى بەشئېرىق كەنت كومىتېتى. بـەشئېرق
بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غـەربىي شـىمالىغا 1.1 كـىلومېتىر
يـىراقلىقتا جـايلاشقان. 1958 ـ يـىلى قـۇمئېرىق 2 ـ چوڭ

ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 10 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى ئۇستۈنكى بەشئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى ئۈستۈنكى بەشئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان، كەنتنىڭ جايلاشقان ئورنى بەشئېرىق بازىرىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن «ئۇستۈنكى بەشئېرىق» دەپ ئاتالغان. «بەشئېرىق»نىڭ مەنە قاتلىمى بەشئېرىق بازىرى بىلەن ئوخشاش.

4) تۆۋەنكى بەشئېرىق كەنت كومىتېتى. بەشئېرىق بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1958 ـ يىلى بەشئېرىق 4 ـ چوڭ ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 11 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى تۆۋەنكى بەشئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى تۆۋەنكى بەشئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان. كەنتنىڭ جايلاشقان ئورنى بەشئېرىق بازىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن «تۆۋەنكى بەشئېرىق» دەپ ئاتالغان. «بەشئېرىق»نىڭ مەنە قاتلىمى بەشئېرىق بازىرى بىلەن ئوخشاش.

5) بەشئېرىق كەنت كومىتېتى. غوروچۆل بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1950 ـ يىلى مۇستەقىل كەنت تەسىس قىلىنغان، 1958 ـ يىلى بەشئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 2 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى بەشئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى بەشئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان. بۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇشۇ ناهىيەنىڭ بەشئېرىق بازىرىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «بەشئېرىق» دەپ ئاتالغان.

6) قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى. غوروچۆل بازارلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1950 ـ يىلى كەنت تەسىس قىلىنغان، 1958 ـ يىلى قۇمئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 6 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى قۇمئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان. «قۇمئېرىق»، «قۇم بار ئېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

7) سۆگەتئېرىق كەنت كومىتېتى. يېڭىئېرىق يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، 1958 ـ يىلى سۆگەتئېرىق 2 ـ چوڭ ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 12 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى سۆگەتئېرىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى سۆگەتئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان، بۇرۇن بۇ مەھەللىنىڭ ئېرىقنىڭ بويلىرىدا غۇچچىدە سۆگەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «سۆگەتلىك ئېرىق (سۆگەتئېرىق)» دەپ ئاتالغان.

8) كىچىك بەشئېرىق كەنت كومىتېتى. دولان يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1930 ـ يىلى كەنت تەسىس قىلىنغان، 1955 ـ يىلى ئايكۆل رايونى (هازىرقى ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1959 ـ يىلى بازار كوممۇناسى (هازىرقى ئاۋات بازىرى)غا ئايرىپ بېرىلگەن، 1967 ـ يىلى مول هوسۇللۇق 1 ـ مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بىرىلگەن، 1981 ـ يىلى سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1984 ـ يىلى كىچىك بەشئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

9) كىچىك بەشئېرىق (تەبىئي كەنت) كىچىك بەشئېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، دولان يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1913 ـ يىلى ئاقسۇ ناهىيەسى تەسىس قىلىنغان چاغدا، بۇ يەرگە ئاقسۇ ناهىيەسىنىڭ بەشئېرىق رايونىدىكى (هازىرقى ئاۋات ناهىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرىدىكى) كۆچمەنلەر كېلىپ يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن كەنت شەكىللەنگەن، ئەسلىدە هازىرقى دولان يېزىسىنىڭ توغراقمازار كەنتى بىلەن بىرلەشتۈرلۈپ، بەشئېرىق كەنتى دەپ ئاتىلاتتى، 1944 ـ يىلى بۇ جاي ئىككى كەنتكە بۆلۈنۈپ تۆۋەنكى بەشئېرىق دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، بەشئېرىق بازىرىنىڭ تۆۋەنكى بەشئېرىق كەنتى بىلەن ئاتىلىشى ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن «كىچىك بەشئېرىق» دەپ نام بېرىلگەن.

(ئاپتور: ئاۋات ناهىيەلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن



2018.1



# دولان مۇقامىدا ئىپادىلەنگەن يەر - جاي نامىلىرى

باتۇر داۋۇت قۇربغار

دولانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان دولان مۇقامى قويۇق ھەم مۇكەممەل يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇرۇشلەشكەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان خەلق سەنئىتىنىڭ گۈل تاجىدۇر ھەمدە ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاساسىدۇر.

دولان مۇقاملىرىغا سىڭىنىپ ئېيتىلغان تېكىستلەر ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىباھا خەزىنىسىدۇر. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بۇ قوشاقلاردا خەلقنىڭ كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش ئادىتى، ھېس-تۇيغۇ ۋە ئۈمىد-ئارزۇلىرى، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببىتى ياكى نەپرەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە دولانلىقلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان بىر قىسىم توپونىم (يەر-جاي نامىلىرى)لارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

**1. دولان مۇقاملىرى نامىدا ئىپادىلەنگەن يەر-جاي نامىلىرى**

دولان مۇقامى نامىلىرىدا دولان يۇرتلىرىغا خاس بولغان مەنە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ نامىلار تىلغا ئېلىنغان چاغدا تەبىئىي ھالدا دولانلىقلار ياشاۋاتقان يۇرت-ماكانلار ئەسكە كېلىدۇ.

«دولان» ئاتالغۇسى «دولان مۇقامى»دىكى «دولان» ئۇقۇمى بىر تەرەپتىن، يەكەن (دولان) دەرياسى، تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جۇغراپىيەلىك رايون — مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات رايونىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت بەلبېغىدا ياشايدىغان ھەم مۇشۇ رايوننى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، شايار، كۇچا، بۈگۈر، لوپنۇر... قاتارلىق جايلارغىچە ئولتۇراقلاشقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

«باياۋان» ئاتالغۇسى دولان مۇقاملىرى خەلق ئىچىدە «باياۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ نام ئۆزىنىڭ

uyghurkitap.com



مەزمۇنى بىلەن دولان مۇقامىنىڭ تۇنجى پەيدا بولۇش تارىخىي شارائىتىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، دولانلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

«باياۋان» دېگەن نام دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇشتىن باشقا، مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ ئىسىم بولۇپ ئاتىلىپ كەلگەن. ياشانغانلار ئىچىدە ھازىرغا قەدەر «دولان مۇقامى» دېگەن نام ئىشلىتىلمەي، يەنىلا قەدىمدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان «باياۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا. «مۇقام ئېيتىش» دېمەي، «باياۋان توۋلاش» دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ «مۇقام» دېگەن نامنىڭ دولان «باياۋان»لىرىنىڭ ئورنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغىنىغا تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«مۇقام» دېگەن نامغا كەلسەك، 14-15-ئەسىرلەردە چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمى «مۇقام» نامى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھەممىلا كىلاسسىك كۈي-مۇزىكىلار ۋە سىستېمىلاشقان كۈيلەر گۇرۇپپىسى مۇقام نامى بىلەن ئىپادىلەنگەن. «مۇقام» ئاتالغۇسى دولان كۈيلىرى گۇرۇپپىسىغىمۇ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا «مۇقام» دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى دولان كۈيلىرىنىڭ نامىغىمۇ ئىشلەتكەن. ئەمما ئۇنى دولان كۈيلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان «باياۋان» سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دولان مۇقاملىرىنىڭ نامى شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغاچقا، ھەر بىر يەككە مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «باياۋان» سۆزىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىگەن، خەلق ئىچىدە بولسا «مۇقام» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئاتاپ كەلگەن «باياۋان» دېگەن نامنى قوللىنىپ كېلىۋەرگەن.

مەسىلەن: ئاۋات ناھىيەسىدىكى دولان مۇقاملىرى: باش باياۋان، بوم باياۋان، سىم باياۋان، باياۋان مۇقامى، موغال باياۋان، سامۇق باياۋان، جۇلا باياۋان، چۆل باياۋان، دولامەت باياۋان، دولان ساداسى مۇقامى، بەشئېرىق بوستان مۇقامى 1-نۇسخا، بەشئېرىق بوستان مۇقامى 2-نۇسخا دولان مۇقاملىرىنىڭ نامىدىكى «باياۋان»نىڭ لۇغەت مەنىسى «مەھەللە-يۇرتتىن يىراق بولغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل، سەھرا، دەشت» بولۇپ، ئادەتتە «چۆل-جەزىرە، جاڭگال؛ بىپايان، كەڭرى دالا» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. دولان مۇقاملىرىنىڭ ئەسلىدىكى نامى بولغان «باياۋان» دېگەن ئاتالغۇ دولان مۇقاملىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ئەينى دەۋردىكى دولان يۇرتلىرىنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ئورمان كېسىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، ھەسرەت-نادامەتلىرى، مۇھەببەت-نەپرەتلىرىنى، تەسىرلىك ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ بېيىت-قوشاقلار توقۇغان. ئۇلار سەپەر قىلغاندا، يايلاقلاردا ياكى چۆل-باياۋانلاردا يۈرۈپ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئاشۇ تەسىرلىك قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلاپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇغان. بۇ غەزەللەر ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ



ئىستېتىك زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىل مۇڭلۇق غەزەللەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدا، چۆل - باياۋانلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلغىنىغا ئاساسەن «باياۋاندا توۋلانغان غەزەل»، «غېرىبلىق ناخشىسى» ياكى «باياۋان غەزىلى» دېگەن مەزمۇندا «باياۋان» دەپ ئاتالغان. دولان «باياۋان» (مۇقام)لىرى دەسلەپتە سىرتتا، باياۋانلاردا ئوقۇلغان بولسا، كېيىنچە خەلق ئارىسىدىكى مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بېيىپ، ئاۋۋالقى يەككە ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ، بارا - بارا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، توي - مەرىكە ۋە باشقا مۇناسىپ سورۇنلاردا ئېيتىلىپ، كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، ئۇنىڭ يېقىملىق مۇڭلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرىدىغان بولدى.

مۇزىكىلىق باياۋاننىڭ بارلىققا كېلىشى دولان مەشرەپىنىڭ تۇنجى شەكىللىنىش باسقۇچى بولۇپ، بارا-بارا ئۇسسۇللۇق مەشرەپنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. دولان مەشرىپىدە مۇقامنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى ۋە ھەر بىر دەۋرەدىن كېيىن، بىر قېتىم مۇقام توۋلاپ، ئاندىن ئىككىنچى دەۋرەنى باشلىشى، مۇقامنىڭ سەنئەتنىڭ تۇنجى باسقۇچى بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، «باياۋان» دېگەن ناممۇ ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن.

**2. دولان مۇقام تېكىستلىرىدە ئىپادىلەنگەن يەر-جاي ناملىرى**

مەلۇم بىر يۇرتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ يۇرتنىڭ يەر-جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەسى، ئالاھىدە مەھسۇلاتى، مەشھۇر كىشىلىرى، مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولىدۇ ھەم شۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئىنكاسى بولغان تۈرلۈك سەنئەت شەكىللىرىدە مۇناسىپ ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. دولانلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سەنئەت شەكىللىرىدىن بولغان دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىگە سەپلەنگەن قوشاقلاردىمۇ بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

**3. مېرۋاز قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن يەر-جاي ناملىرى**

دولان مۇقامى ئورۇنلىنىۋاتقان ۋە كىشىلەر بەس-بەس بىلەن دولان ئۇسسۇلىغا چۈشۈپ تازا قىزىپ كەتكەن چاغدا، مېرۋاز ئىچىگە قوناق قاچىلىنىپ ئاغزى ياغلىق بىلەن ھەم ئېتىلگەن قاچىنى قولغا ئېلىپ شاراقلاتقىنىچە بىر تەرەپتىن سورۇننى ئايلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قوشاق ئېيتىپ ئولتۇرغانلارنى ئۇسسۇل ئويناشقا ئۈندەيدۇ. مۇشۇ چاغدا ئېيتىلغان نۇرغۇن قوشاقلاردىمۇ يەر-جاي ناملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئۈجمە، يېڭىئېرىقتىن كەتتى،
ئايكۆل، سايئېرىقتىن كەتتى،
توخۇلا، سەكپاچىدىن كەتتى،
بالداڭ، قارىمۇقچىدىن كەتتى.
قۇمباش، بېشىرىقتىن كەتتى،
ئاۋات غوروچۆلدىن كەتتى.
قۇملۇق چىغانچۆلدىن كەتتى،
شاقۇر، پىچاقسۇندىدىن كەتتى.
ئاقسۇ ساق-ساق مارالدىن كەتتى،
مارالبېشى ئاقساقمارالدىن كەتتى.
قاراتال يېڭى مەھەللىدىن كەتتى،
غوروچۆل ئارا مەھەللىدىن كەتتى.

مەلۇمكى، دولان مۇقامى دولان مەشرىپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. دولان مۇقامى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىلىدىغان، ھەر خىل قىزىقچىلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇن مەشرەپ دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، مەشرەپ ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى. دولان مەشرىپى ئوينالغاندا بىرەر مۇقام ئورۇنلانغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق مۇقام باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ.

قىسقىسى، دولان مۇقامى تېكىستلىرىدە، شۇنداقلا دولان مەشرىپىدىكى باشقا ئويۇن-قىزىقچىلىقلاردا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان نۇرغۇن بېيىت-قوشاقلاردا يەر-جاي ناملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار دولان يۇرتلىرىدىكى يەر-جاي ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

www.uyghurkitap.com



# قاپاق ئۆستۈرۈش ھەققىدە

نۇرمۇھەممەت ئىمىن

جۇڭگودىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئارىسىدا قاپاق ئۆسۈملۈكى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى بولغان قاپاقنى «خاسىيەتلىك گىياھ»، «ساغلاملىق، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە بايلىق ئەلچىسى» دەپ قارايدىغان ئورتاق ئادەت ساقلانغان.

خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىلا «قاپاق»نىڭ ناھايىتى مۇھىم «سەپەر ھەمراھى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، تېرىقچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن بۇغداي، تېرىق، ئارپا، سولۇ، قوناق، زىغىر، كېپەز، قوغون، تاۋۇز، كاۋا، چامغۇر، پىياز، يۇمغاقسۇت، سەۋزە قاتارلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى قاتارىدا قاپاق ئۇرۇقىنىمۇ تېرىپ ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان.

قاپاق ھەر يىلى 4 ـ ئايدا تېرىلىدۇ، 10 ـ ئاي باشلىرىدا ئۈچ، تۆت سانتىمېتىر ساپاق قالدۇرۇپ كېسىلىدۇ ۋە پېشايۋان ئاستىغا ساپىقىدىن ئېسىش ئارقىلىق قۇرۇتۇلىدۇ. تولۇق پىشقان قاپاقلار ئاق رەڭدە، تور چەككەن، يېنىك بولىدۇ. قاپاق پوستى 0.5 ـ 1.0 سانتىمېتىر قېلىن، قاتتىق بولىدۇ، لېكىن ھاۋا ئۆتكۈزۈشچان بولىدۇ. قاپاقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن كۆرۈنۈشى ئومۇمەن «بېشى كىچىك، قورسىقى يوغان» بولىدۇ. «نوگاي» قاپاقنىڭ ئالاھىدە «بالىسى» بولۇپ، «چۆمۈچ» سېپىغا ئوخشاش بىر ئۇزۇنچاق ساپ، بىر «باش»تىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭغا «باش» قىسمىدىن ئېغىز ئېچىلىدۇ. لېكىن قاپاقلارغا «ساپاق» ئورنىدىن ئېغىز ئېچىپ سۇ ئۇسۇلىدۇ. ئەڭ چوڭ قاپاقلارنىڭ قورساق ئايلانمىسى 200 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 50 ـ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك قاپاقلارنىڭ قورساق ئايلانمىسى بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، پەرقى چوڭ ۋە روشەن بولىدۇ.

قاپاقنىڭ ئۇرۇقى «قورساق» قىسمىدا (نوگاينىڭ بولسا باش قىسمىدا) بولىدۇ. ئۇرۇق بولىدىغان ئورۇندا

ئاقۇش رەڭلىك لەشلەر بار. خام چېغىدا يۇمران بولىدۇ. يېيىشكە، دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قاپاق ئۇرۇقى هاياتىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، بىخلىنىش ئىقتىدارى 80% تىن يۇقىرى بولىدۇ، سېسىپ قالمايدۇ. نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇقلارمۇ مۇۋاپىق سۇ، تۇپراق، نەملىك شارائىتىدا يەنىلا ئۈسۈپ چىقىدۇ.

قاپاق ئۈسۈملۈكىنىڭ ياپرىقى كەڭ، رەڭگى توق يېشىل، كۆن نۇرىنى، سۇنى، سالقىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەتراپىدىكى زەھەرلىك گاز، بەتبۇي پۇراقنى شۈمۈرۈپ، پاكىز، ساپ هاۋا چىقىرىدۇ. قاپاققا سۇ قاچىلاپ قويسا پاكىز، پۇراقسىز ۋە زەھەرسىز ساقلىنىدۇ، ئۈسۈملۈك مېيى قويسا، ياغدىكى پۇراق يوقىلىدۇ. ياغ پاكىز تۇرىدۇ. سۈيۈق ئاشتۇزى ساقلىسا سۈپىتى ياخشى تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇيغۇر تېبابىتى سۈيۈق دورىلىرىنى قاپاقتا ساقلايدۇ. قاپاقنى يەردىن ئېگىزرەك ساڭگىلىتىپ ئېسىپ ساقلىغاندا، چاشقان، ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

تۇرمۇشىمىزدا قاپاقلارنىڭ ئىشلىتىلىش رولى كەڭ.

**سۇ قاپىقى —** بۇلاق، ئۆستەڭ، دەريا، كۆل، قۇدۇقلاردىن، سۇ تۇرۇبىلىرىدىن ئۆيگە سۇ ئەكىلىش ۋە سەپەردە سۇ ئېھتىياجىنى قامداشتا، بۇ خىل قاپاق 1 - ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

**ياغ قاپىقى —** كىشىلەر قاپاقنىڭ پاكىز ساقلاش رولىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزى ئىستېمال قىلىدىغان زىغىر، زاراڭزا، قىچا، زاغۇن، كەندىر، ئاپتاپپەرەس ياغلىرىنى ۋە چىراغ ياغلىرىنى قاپاقلاردا ساقلىغان. بۇنداق قاپاقلارنىڭ ئىچىدىكى ياغلار هاۋا تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق قاپاقنىڭ سىرتقى پوستىغا «تېپىپ» چىقىپ پارقىراق بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ياغ ئېقىپ چىقىپ كەتمەيدۇ.

**دورا قاپىقى —** ئۇيغۇر تېبابىتىدە قاپاقنىڭ ئۆزىنى، ئۇرۇقىنى، ئۇرۇقىنى قاپلاپ تۇرغان لەشنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلگەن. ئۇنىڭدىن ئۇيقۇ ياخشىلايدىغان، ئەرلەرنى قۇۋۋەتلەش دورىلىرىنى ئىشلەپ ئىستېمال قىلغان.

**غۇلڭ قاپاق —** بۇ بىر بىر ناھايىتى كىچىك قاپاق بولۇپ، قورساق ئايلانمىسى ئارانلا بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. پوستى نېپىز، ئېغىز ئېچىلىدۇ. بوينىدىن يىپ بىلەن باغلاپ، موللاقچى كەپتەرنىڭ پۇتىغا ئېسىلىدۇ. كەپتەر ئاسماندا ئۇچقاندا «غۇلڭ - غۇلڭ» ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۇنى يەردىكىلەرمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئۆزگىچە سەنئەت ھۇزۇرى بېرىدۇ، ئۇنىڭ ھەر خىل ئاۋاز چىقىرىدىغان تۈرلىرى بار.

**پۇل قاپىقى —** بۇرۇن يېزا - قىشلاقلاردا نۇرغۇن دېھقانلار تاپقان پۇللىرىنى (قەغەز پۇل، رەخت پۇل، تەڭگە پۇل) مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاپاقلارغا سېلىپ ساقلاشنى ئادەت قىلغان. ئاياللار زىبۇ زىننەتلىرىنى قاپاققا سېلىپ ساقلىغان، ئۇلار بۇ نەرسىلەر قاپاق ئىچىدە بىخەتەر تۇرىدۇ، بۇزۇلمايدۇ، دەپ ئىشەنگەن، قاپاق ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەن.

**تۇزلۇق قاپاق —** بۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن كەڭ ئومۇملاشقان، قىسمەن جايلاردا هازىرغىچە ساقلانغان بىر خىل ئادەت. تۇز سۈيى قاپاقتا ساقلانسا، بىر قىسمى گەرچە قاپاق سىرتىغا ئايىاق پاراشوك هالىتىدىكى تۇزاڭلارنى پەيدا قىلسىمۇ، قاپاق ئىچىدىكى تۇز سۈيى ناھايىتى سۈزۈك بولىدۇ، بەتبۇي پۇراق بولمايدۇ. كېزىك كېسەللى، قىزىل كېسىلى، چېچەك كېسىلى، ۋابا كېسىلى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە قاپاق ئىچىدىكى تۇز سۈيىگە ئېگىر قاتارلىق دورىلارنى چىلاپ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرگە تاقابىل تۇرغان.

**ھەشە قاپاق —** بۇ بىر خىل قىزىقارلىق ئادەت بولۇپ، بەزى كىشىلەر تېرىغان زىرائەتلىرى بەك ئوخشاپ كەتكەن، تېرىق، ئاق قوناق دانلىرى پىشاي دەپ قالغان چاغلاردا، كىشىلەرنىڭ كۆزى تەگمىسۇن، قۇشقاچ يەپ كەتمىسۇن، دېگەن مەقسەت بىلەن بىر ياكى ئىككى دانە قاپاق يۈزىگە ھەر خىل رەڭدە سۈرەت سىزىپ، ئۇنى ئۇزۇن بادرانىڭ ئۇچىغا باغلاپ ئېتىزلىقنىڭ ئىچىگە تىكلەپ قويۇلىدۇ. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كۆزى ئالدى بىلەن قاپاققا چۈشىدۇ، قۇشقاچلارمۇ بۇ سۈرەتتىن «ئەيمىنىپ» زىرائەت دانلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدۇ.

قاپاقنىڭ مانا بۇنداق خىلمۇخىل ئىستېمال شەكىللىرى، ئۇنىڭ كىشىلەر نەزەرىدىكى ۋە بازاردىكى ئورنى، قىممىتىنى ئۆستۈرگەن.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەد سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

www.uyghurkitap.com

# دانىشمەن قىز

(چۆچەك)

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۆيىدە يالغۇزغىنە بىر قىزى بار ئىكەن، بۇ قىز ئەقىل-ئىدراكتا ناھايىتمۇ يېتىلگەن، مۇشكۇل ئىشلار ئۇنىڭ تەدبىرى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن يېشىلگەنىكەن، قىزنىڭ بوي-تۇرقىمۇ يارىشىملىق بولۇپ، چىرايى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، بەك گۈزەل ئىكەن.

ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى، تەق-تۇرقى دادىسىنى، بىر تەرەپتىن خۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېغىر ئەندىشىگە سالاپتۇ، چۈنكى، شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ناھايىتى خوتۇنباز كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى، دەللاللىرى شەھەرمۇ شەھەر، يېزىمۇ يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، كىمنىڭ چىرايلىق قىزى بولسا، ئۇنى پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپ مۇكاپات ئالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزنىڭمۇ دائىقى پادىشاھقا يېتىپ بېرىپتۇ، بىر كۈنىسى پادىشاھ دېھقاننى ئوردىسىغا قىچىرىپ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي بېشىنى تۇتۇپ، غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

دادىسى، بۇ ئىش ئېيتسام گەپ، ئېيتسام دەرد بولدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن پادىشاھنىڭ قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئېنىق جاۋاب بەرمەي ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سورىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— قىزىم، سېنى ئۇ پادىشاھقا بەرمىسەم، ئۇ مېنى جازالايدۇ، بېرەي دېسەم، سەن شۇنچە كۈنداشلارنىڭ ئىچىدە بەختسىز بولىسەن، — دەپ قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ، قىز دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن تەسەللى بېرىپ:

— بۇ ئىشتىن سىز غەم يېمەڭ، ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ، مەن ئوردىغا بارماي تۇرۇپمۇ پادىشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.

قىزنىڭ دادىسى بۇ دەرد-بالادىن ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كەلگەندە قىزنىڭ دادىسى:

— بۇ ئىشنى قىزىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ، جاۋابىنى ئۆزى بېرىدۇ، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىڭلار! — دەپ قىزىنى چاقىرىپ بېرىپ ئۆزى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز ئەلچىلەرگە پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەلچىلەر قىزدىن رازى بولۇشۇپ، تويلۇقىنى سوراپتۇ. قىز ئۇلارغا مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ ھەر بىرىڭلاردىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار، سورىسام بولارمىكىن؟! ئەگەر مۇمكىن بولسا، شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشسىلە، ئاندىن كېيىن مەن تويلۇقنى سالاي، — دەپتۇ. ئەلچىلەر ھەرقانداق سوئال بولسا سوراشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز:

— شاھىمىزنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، قانچە نۆۋەت ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟! — دەپ سوراپتۇ. ئەلچىلەر ھېچ ئويلانمايلا:

— ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى ئېلىشقا بولار، لېكىن شاھىمىزنىڭ قانچىلىك خوتۇن ئالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پادىشاھىمىز ئۆزى 70 ياشتا بولسىمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك خوتۇن ئېلىشتىن يالتايغىنى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىز ئەلچىلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولۇپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ تويلۇقۇممۇ بەكلا ئاددىي، 20 بۆرە، 30 قاپلاپ، 40 ئارسلان، 60 ئاختا، 70 جىلىك پاختا، 80 تاختىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا، تويمۇ شۇ ۋاقىتتا باشلانسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەلچىلەر بۇ تويلۇققا «ئاق» ياكى «كۆك» دېيەلمەستىن ئوردىغا قايتىشىپتۇ ۋە پادىشاھقا بىرمۇبىر يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— قېنى، قانداق قىلىپ بۇ تويلۇقنى راسلايمىز؟ بۇنىڭغا بىر ئەقىل كۆرسىتىڭلار، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۆزلىرىچە قىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. «توخۇ دائىگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جائىگال» دېگەندەك، بۇ تېجىمەل دېھقاننىڭ قىزى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان تازا بىر سارالىڭ بولسا كېرەك، خىيالىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ، — دەپ پادىشاھقا خۇشامەت قىلىشىپتۇ.

بۇ تويلۇق ئوردىدا ۋە شۇ كۈنكى كېڭەشتە بىردەم غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ، كېيىن ۋەزىرلەردىن بىر نەچچىسى بىرلىشىپ:

— شاھىم، جانابىي ئالىيلىرى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ئۆزلىرىدىن پەرمان بولسا، بۇ ئىشنى مانا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرساق: تاغدىكى ئوۋچى ۋە چارۋىچىلارغا 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئاسلاننى بەش كۈندە تەييارلاپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇساق، 60 ئاختا بولسا ئاتخانىدا تەييار، 70 جىلىڭ پاختا زېمىننىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىدۇ، 80 تاختىنى ياغاچچىلارغا بىرلا بۇيرۇق چۈشەرسەك ھازىرلا تەييار قىلىدۇ، بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى توغرا تېپىپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇ مەسلەھەت بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئوردىنىڭ چايچىسى چاي قۇيۇۋېتىپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپتۇ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ھەيران بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ بۇ كۈلكىدىن ئەجەبلىنىپ ئارقىسىغا قارىسا، چايچى ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ تۇرغۇدەك، پادىشاھ كۆڭلىدە، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە چوقۇم بىر سىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ-دە، چايچىنى ئالدىغا قىچقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، چايچى سەل ھودۇقۇپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈمچىلا پادىشاھى ئالەم، — دەپ راستىنى ئېيتماپتۇ، پادىشاھ بۇ ئىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ، تېرە تاراقشىپ ھەيۋە قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقماپتۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ.

— جاللات! دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ، جاللاتلار قىلىچلىرىنى شاراقلىتىپ:

— كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن شاھىم؟ — دەپ يېتىپ كەپتۇ.

— مۇنۇ بەغەرەز كۈلكىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسە، دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ شاھ، چايچى ئىشنىڭ يامان يەرگە يەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— شاھىم، بىر قوشۇم قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىپ بېرەي دەپتۇ، پادىشاھ:

— بولدى كەچتىم، — دەپتۇ. چايچى:

— شاھىم قىزنىڭ تويلۇقى ھەققىدە گەپ-سۆز بولغاندا بۇ يەردىكىلەر ئىشنىڭ ماھىيىتىگە قارىماستىن تولىمۇ تېتىقسىز مەسلىھەتلەرنى بېرىشتى، مەن شۇنىڭغا كۈلدۈم، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇر گەپتىن ئويلىنىپ قاپتۇ، كېيىن:

— سېنىڭچە بولغاندا قىزنىڭ تويلۇقى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزنىڭ 20 بۆرە دېگىنى، ئادەم بالىسى 20 ياشقا تولغاندا بۆرىدەك چەبدەس، ھارماس، 30 قاپلان دېگىنى، 30 ياشقا تولغاندا قاپلاندەك كۈچلۈك، 40 ئارسلان دېگىنى، 40 ياشقا تولغاندا ئاسلاندەك سۈرلۈك، 60 ياشقا تولغاندا خۇددى ئاختا ئاتقا ئوخشاش ئۆز ھالى بىلەن قالىدۇ، 70 ياشتا خۇددى ئاتقان پاختىدەك بوشىشىپ يۇمشاپ كېتىدۇ. 80 ياشقا تولغاندا بولسا، ئادەم بالىسى تاختا تەلەپ قىلىدۇ دېگىنى 80 ياشقا كىرگەن ئادەم جىنازا كۆتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، 70 ياشقا كىرگەن پادىشاھ ئەمدى مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىنى ياخشى. پادىشاھقا ھازىر قىزلار لازىم ئەمەس، پەقەت تاختاي كېرەك دېگىنى، مانا شۇنچىلىك ئىشقا ھەرقايسىلىرى توغرا پىكىر يۈرگۈزمەي خاتا پەرەز بىلەن ئىشقا كىرىشكەنلىكلىرىنى ئۈچۈن كۈلدۈم، — دەپ يەنە كۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئويلىسا، بۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست، بۇ ئىشتىن ئۇ قاتتىق ئۇيۇلۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆتلۈكلىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىيالماي قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆرتۈپە بولۇشۇپتۇ.

قىزنىڭ ئۆتكۈر ۋە قاقشاتقۇچ پىكرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا يۈرىكى زىدە بولغان شاھنىڭ بېشى ئايلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ ياتقىنى بويىچە ئوڭشالالماي ئاخىر ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ئۆلۈمى پۈتۈن ئەل-يۇرتنى خۇشال قىپتۇ.

«ئۈرۈمچى تىيانشان رايونلۇق خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

**ئېيتىپ بەرگۈچى: يۈسۈپجان تاھىر**

**توپلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق**

**تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاشچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش

**ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئادەمىيەت تارماق ئىنستىتۇتى تارانچى مەدەنىيىتى
تەتقىقات بازىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)

تاش ئۇيۇل، قاتتىق ھالەتتە بولىدىغان، سۇ كار قىلمايدىغان تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. تاشتىن تۇرلۇك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمان - جابدۇقلىرىنى ياسىغۇچى كىشى «تاشچى» ياكى «تاشتىراش»، تاشتىن تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمان - جابدۇقلىرىنى ياساش كەسپى «تاشچىلىق» ياكى «تاشتىراشلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. تاشتىن ياسىلىدىغان تۇرلۇك سايمان - جابدۇقلار ۋە ئۇلارنى ياساش، ئىشلىتىشكە دائىر بىر يۈرۈش قائىدە - تەرتىپ، ئادەت - ئەخلاق ۋە يوسۇن - ئەندىزىلەر، جۇملىدىن مۇكەممەل ئەنئەنىۋى تاشتىراشلىق مەدەنىيىتى ھەمدە شۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن كەسپىي ئاتالغۇلار بار. خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا يۈكسەك ئەقىل - پاراستى ۋە تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تاشتىراشلىق مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، تاش ئەشيالىرىدىن ياسىلىدىغان، ھۈنەر - كەسىپ، بىناكارلىق، مۇزىكا، ئىجتىمائىي ئىگىلىك، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق، كۈندىلىك تۇرمۇش، تېبابەت، زىبۇ - زىننەت ئىشلىرى ۋە ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان خىلمۇخىل سايمان - جابدۇقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. دەۋرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەنئەنىۋى قول - ھۈنەر سەنئىتى ھېسابلانغان تاشتىراشلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان سايمان - جابدۇقلار، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تەرتىپ، ئادەت - ئەخلاق ۋە يوسۇن - ئەندىزىلەر ھەمدە ئالاقىدار ئاتالغۇلار ئۇنتۇلۇش، يوقىلىش گىردابىغا باردى. ناۋادا ئەنئەنىۋى تاشتىراشلىق مەدەنىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تۇرلۇك تاش ئەشيالىرىدىن ياسالغان سايمان - جابدۇقلار، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تەرتىپ، ئادەت - ئەخلاق ۋە يوسۇن - ئەندىزىلەر ۋە بۇلارغا ئالاقىدار ئاتالغۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، تاشتىراشلىق مەدەنىيىتى، تاشتىن ياسىلىدىغان نۇرغۇنلىغان سايمان - جابدۇق ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تەرتىپ، ئادەت - ئەخلاق، يوسۇن - ئەندىزىلەر ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئاتالغۇلار

بىزدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. مەن دەل مانا مۇشۇ ئېھتىياج سەۋەبىدىن تاشچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئاتالغۇلار ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆپچىلىككە سۇندۇم.

### 1. تاشنىڭ ئادەتتىكى تۈرلىرى

دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ گەۋدىسى توقۇلما ۋە يىكىلىك (تالالىق) بولغىنىدەك، تاشلارمۇ توقۇلما ۋە يىك يوللۇق بولىدۇ. شۇڭا، تاش گەۋدىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بايقاشقا توغرا كېلىدۇ. تەجرىبىلىك تاشتىراشلار تاشلارنىڭ مەلۇم يەردىن قومۇرۇلۇشى ۋە ئۇسكەتلىنىشىنى ئالدىن پىلانغا ئېلىپ، ئاندىن شۇ تەرتىپ بويىچە گەز، تاناپ ۋە پەلكۈچلەرنىڭ ياردىمىدە نۇقتا بەلگىلىۋېلىپ، شۇ سىزىق، بەلگىلەر بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەقىل-پاراسەتلىك تاشتىراشلىرىمىز تاشتىراشلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەشيالىرىنىڭ تۈر ئايرىمىسى ۋە ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىغىچە خاس ناملار بىلەن ئاتىغان. تاش ئەشيالىرىنى ھالىتىگە ئاساسەن سۇ ئىچكەن تاش، قاغجىرىغان تاش، مەدەن كىرىستاللىق تاش، خەس تاش، گىرانات تاش، قورام تاش، مەرمەر تاش، قۇم تاش، قاتتىق قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش، قەلەي تاش، جۇلالىق سۇرمە تاش دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن بولسا، تەركىبىدە رۇدا بولمىغان، قاغجىرىمىغان، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سايمان-جابدۇقى ۋە بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدىغان تاشلارنىمۇ رەڭ پەرقىگە ئاساسەن ئۆز ئىچىدىن بېغىر رەڭ تاش، بوز تاش، چىپار تاش، چېقىر تاش، چار تاش، ئاق تاش، قارا چېقىر تاش، ئاق بوز تاش، سىيدام تاش، توز تېشى، بەقەسەم تاش دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن.

سۇ ئىچكەن تاش: سۇغا تويۇنغان تاش تۈرىدىن ئىبارەت.

قاغجىرىغان تاش: پەقەت سۇ دىدارىنى كۆرمىگەن تاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەن كىرىستاللىق تاش: مەدەستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى پىلۇمبۇم ئوكسىد. بۇ بىر خىل سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، بوياق ياساش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

خەس تاش: تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشكە يارىمايدىغان تاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

گىرانات تاش: ماگمىلارنىڭ يەر پوستىدا تەدرىجىي سوۋۇشى بىلەن قېتىشىپ كىرىستالغا ئايلانغان تاغ جىنسى بولۇپ، يەر يۈزىگە كەڭ تارقالغان تاش تۈرىدىن ئىبارەت

قورام تاش: ناھايىتى يوغان ئۇيۇل تاش گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مەرمەر تاش: بىر خىل ئايىنىغان جىنس. ھاك تاش، دولومىت قاتارلىقلار تېگىشىپ ئايىنىش ياكى رايونلۇق ئايىنىش تەسىرىدە قايتا كىرىستاللىنىپ پەيدا بولىدۇ. ئاساسىي مىنېرال تەركىبى كالسىت. تۈز كىسلاتاسىدا كۆپۈكلىشىدۇ، تەڭ دانىلىق ياكى تەڭسىز دانىلىق ئايىنىغان كىرىستاللىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، دانىچىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە ئاق ۋە باشقا رەڭدىكى ئارىلاشمىلار نەتىجىسىدە ھەر خىل رەڭلىك بولىدۇ. مەرمەر تاشنى سىلىقلىغاندىن كېيىن، بەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇ قۇرۇلۇش، ھەيكەلتىراشلىق ۋە زىننەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، مەرمەر تاشنىڭ سۇنئىي مەرمەر تاش دېگەن يەنە بىر تۈرىمۇ بار.

جۇڭگو مەرمىرى: ئاق رەڭلىك مەرمەر تاش بولۇپ، قۇرۇلۇش ۋە ئويمىچىلىق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

سۇنئىي مەرمەر تاش: قۇرۇلۇشلارنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئادەتتە ئاق سېمونت، قۇم ۋە رەڭلەرنى سۇدا ئارىلاشتۇرۇپ، ئارىلاشما قاتقاندىن كېيىن سىلىقلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل تاش ماتېرىيالىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەبىئىي مەرمەرگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا تام ۋە تۈۋرۈكلەرگە چاپلىنىدۇ.

قۇم تاش: قۇم دانىچىلىرى، سېغىز توپا، ھاك ۋە باشقا ماددىلارنىڭ يېپىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تاغ جىنسى. ئادەتتە چۆكۈندە جىنسنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى قۇم دانىچىلىرى، كۋارتس ۋە دالا شپاتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە بىلەي قىلىغلى بولىدۇ.

قاتتىق قۇم تاش: ئۇچلۇق، قىرلىق مىنېرال ۋە تاغ جىنس ئۇۋاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل قۇملۇق جىنستىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى تۇتۇق، كۆل رەڭ ياكى يېشىل بولىدۇ. سېغىزلار بىلەن سېمونتلانغاچقا قاتتىق بولىدۇ، كاۋاكلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ.

ئەشمقۇم تاش: دانچىلار دىيامېتىرى 0.1 مىللىمېتىر بولغان. ئەشمە قۇملارنىڭ ئۆزئارا يېپىشىپ چىڭىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان ئۇۋاق چۆكۈندى جىنس بولۇپ، مىنېرال تەركىبى قۇم تاش بىلەن ئوخشاش، بىراق تەركىبىدە تۇراقلىق مىنېراللار سەل كۆپرەك بولىدۇ.

قەلەي تاش: بىر خىل مىنېرال، تەرتىپسىز دانچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇس قوڭۇر ۋە توق قارا كېلىدۇ، پارقىرايدۇ، ئادەتتە قەلەي ئېلىشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

جۇلالىق سۇرمە تاش: تەركىبى سۇرمە سۇلفىدتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مىنېرال بولۇپ، يىڭنىسىمان كىرىستال ياكى كاللەك ھالەتتە بولىدۇ. رەڭگى كۈل رەڭ، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۈرۈك كېلىدۇ، ئادەتتە سۇرمە چەككىلەشتىكى مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ.

بېغىر رەڭ تاش: جىگەر رەڭ تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىگەرگە ئوخشاش قارامتۇل قىزىل رەڭدىكى بىر خىل تاش تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

بوز تاش: كۆككە مايىلراق ئاق رەڭلىك تاش تۈردىن ئىبارەت.

چىپار تاش: ئاق بىلەن قارا ياكى باشقا رەڭلەرنىڭ چېكىت - چېكىت ھالەتتە ئارىلىشىپ كەلگەن تاش تۈردىن ئىبارەت.

چېقىر تاش: يېشىل چاقنايدىغان، يېشىل يالترايدىغان تاش تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

چارتاش: رەڭگىگە ئاق بىلەن قارا ۋە باشقا رەڭلەر ئارىلىشىپ ئالىچىپار كۆرۈنىدىغان تاش تۈردىن ئىبارەت.

ئاق چارتاش: رەڭگى نىسبەتەن ئاق رەڭگە مايىلراق كەلگەن، قارا ۋە باشقا رەڭلەر نىسبەتەن ئاز ئارىلاشقان تاش تۈردىن ئىبارەت.

قارا چېقىر تاش: قارا بىلەن يېشىلنىڭ ئارىلاشمىسىدا قارا رەڭ نىسبەتەن ئارتۇقراق ئورۇندا تۇرىدىغان تاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاق بوز تاش: رەڭگى بوز رەڭگە قارىغاندا ئاق رەڭگە نىسبەتەن يېقىنلىشىدىغان تاشتىن ئىبارەت.

سىدام تاش: ھالىتىدە ھېچقانداق بەلگە ۋە سىزىق بولمىغان، سىلىق كەلگەن تاشتىن ئىبارەت.

قىزىل تاش: رەڭگى قانغا ئوخشاش قىزىل كۆرۈنىدىغان تاش تۈردىن ئىبارەت.

توز تېشى: ئاساسلىق خىمىيەلىك تەركىبى مىس ئاساسلىق كاربونات بولۇپ، كۆرۈنۈشى خۇددى توزنىڭ قانىتىغا ئوخشايدۇ.

بەقەسەم تاش: ئالتۇن كانلىرىدا ئالتۇننىڭ يېنىغا جايلاشقان ئالا يوللۇق تاشتىن ئىبارەت.

تاشتىراشلىق دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانىيەت ئەڭ دەسلەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن قول ھۈنەر - سەنئەتنىڭ بىرى بولۇپ، تاشتىراشلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رەڭگارەڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار ھۈنەر - كەسىپ، بىناكارلىق، مەدەنىيەت، تارىخ، سەنئەت، ئۇۋچىلىق، دېھقانچىلىق، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىبادەت ۋە زىبۇ - زىننەت قاتارلىق كۆلتۈردە كەڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

### 2. ئىگىلىك شەكىللىرىگە ئائىت تاشلار

ئىگىلىك شەكىللىرىدىن مەڭگۈ تاشلار، قىيا تاش رەسىملىرى، بالبالالار، قەبرە تېشى، چېكىلمە، خاتىرە تاش، تاش پۈتۈك، تاش بەت، تاش باسما، چاقچۇق، تاش ئۆزەك، تاش قولۇپ، تاش گۆر، سىلىق تاش قورالار، تاشيول، تاش ئۆستەڭ ۋە تاش كۆۋرۈك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئىگىلىك شەكىللىرى پەقەت چېكىش، يونۇش، ئويۇش، سۈركەش ۋە تىزىش يوللىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار: مەڭگۈ تاشلار خەلقىمىزنىڭ تاشتىراشلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى ئالاھىدە نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تېكىستلىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، مۇئەللىپ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم ۋەقەلەرنى دەۋر ۋە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان. خەلقىمىزنىڭ تاشتىراشلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى ئالاھىدە نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەڭگۈ تاشلاردىن تىل - يېزىق، تارىخ ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولغان مۇھىملىرىدىن تارىختا كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى، ئونگىن مەڭگۈ تېشى، تېرخىن مەڭگۈ تېشى، بايانچۇر مەڭگۈ تېشى، تەس مەڭگۈ تېشى قاتارلىقلار بار.

قىيا تاش رەسىملىرى: قىيا تاش رەسىملىرى تاشتىراشلىق ھۈنەر - سەنئىتىدە پەۋقۇلئاددە بۇسۇش خاراكتېرلىك

2018.1

ئىلگىرىلەش ياسىغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر نۇسخىلىرى ئاپىرىدە بولغان بۇ خىلۋەت، گۈزەل يۇرتىمىزغا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تىپ - تارماقلىرىغا ئوخشاشلا قىيا تاش سەنئىتىمۇ بىر قەدەر كۆپ مەركەزلەشكەن. مەملىكىتىمىزدىكى قىيا تاش سەنئىتى بايقالغان 13 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئومۇمەن، قىيا تاش رەسىملىرى ئادەم بىلەن هايۋان ئوبرازى ئارىلاشتۇرۇلۇپ چېكىلگەن ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق هاياتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن. قەدىمكى چارۋىچى خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان هالدا بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ماهارىتىگە تايىنىپ، تۇرمۇشنى قىسمەن مۇبالىغىلەشتۇرۇش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي هاياتنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان، ئېگىز قىيا تاشلارغا چېكىپ تولۇق نامايان قىلغان.

بالبال: ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تاش بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ تاشتىراشلىق هۈنەر - سەنئىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرىدۇر. تاش بالباللارغا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ناهايىتى يۇقىرى بەدىئىي تېخنىكىسىنى سىڭدۈرۈپ، هەرقايسى دەۋرلەردىكى قوۋم، رايون ۋە تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن.

قەبرە تېشى: تاختا تاشلاردىن هەر خىل شەكىلدە (كۆپىنچە ئەهۋاللاردا تۆۋەن تەرىپى تۆت چاسا، ئۈستى تەرىپىنىڭ ئازراق قىسمى مېهراب شەكلىدە) چوقۇپ، يونۇپ، چېكىپ ئويۇپ ياسىلىدىغان، خان - پادىشاهلار، باتۇر سەركەردىلەر، ئىناۋەتلىك ئاقساقال - مۆنەججىملەر ۋاپات بولغاندا ئۇلارنى ئەسلەش ئۈچۈن ياسالغان، ئۆلگۈچىنىڭ هەيكىلى ياكى ئۆلگۈچىنىڭ قىسقىچە هايات پائالىيەتلىرى يېزىلغان خاتىرە تاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

كۇچا ناهىيەسىدىكى قۇزغۇن چارۋىچىلىق فېرمىسى تېكىلىك جىلغىسىنىڭ بۇلاق تېكىلىك يايلىقىدا سىمۋوللۇق بەلگىلەر چېكىلگەن بىر پارچە تاش پۈتۈك بولۇپ، بۇ تاش پۈتۈك كۇچا ناهىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 155 كىلومېتىر كېلىدىغان تېكىلىك جىلغىسىدا. بۇ تاش پۈتۈك بار جىلغا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، كۇچادىن باينبۇلاق ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدە بولۇپ، بۇ تاش پۈتۈكنى شۇ يەرلىك چارۋىچى ئابدۇكېرىم سابىر دېگەن كىشى 1997 - يىلى بايقىغان. ئابدۇكېرىم سابىر تاش پۈتۈكتىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى شۇ جايدىلا قەغەزگە ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ مەسئۇلىغا مەلۇم قىلغان. شۇ يەردىكى يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىلدىكى تاش پۈتۈكلەر ئەينى ۋاقىتتا بىر قانچە جايدىكى قىيالاردا بولۇپ، ئۇزاق يىللىق بوران - چاپقۇنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئۇزاق يىللار مابەينىدە كەلكۈننىڭ يالىشى بىلەن بۇ قىيالار داۋاملىق گۇمۇرۇلۇپ تۇرغاچقا، بۇ سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئويۇلغان تاش پۈتۈكلەر جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ نۇرغۇنلىرى بۇزۇلۇپ يوقىلىپ كەتكەن. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ سىمۋوللۇق بەلگىلەر تاش پۈتۈككە مېتىنلار بىلەن ئويۇلغان بولۇپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ تاش پۈتۈك بايقالغان ۋاقىتتىكى ئويۇلۇش چوڭقۇرلۇقى يەتتە - سەككىز مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئويۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تاش پۈتۈكتىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئويۇلغان بولماستىن، سەل ئېگىز - پەس تىزىلغان بەش دانە بەلگىدىن تەركىب تاپقان. بۇ بەلگىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس هەمدە يېزىلىش يۆنىلىشىمۇ بەلگىلەش قىيىن. هازىرغىچە بۇ تاش پۈتۈكتىكى بەلگىلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى، يېزىق شەكلى مۇقىملاشمىغان. تاش پۈتۈكنىڭ يايلاقنىڭ چېگرا بەلگىسى ياكى يول كۆرسەتكۈچ ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئېنىق ئەمەس. قىياسەن هۆكۈملەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تاش پۈتۈكتىكى بەلگىلەر تەسۋىرىي يېزىق تۈسىنى ئالغان.

تاش باسما: تاش مەتبەئە، تاش بەت ئىشلىتىلىدىغان مەتبەئە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئارگىنال ئالاهىدە ئىشلەنگەن سىياھ ئارقىلىق دورىلىق قەغەزگە يېزىلىپ، تاش بەت ئۈستىگە بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاش بەتكە يېلىم سۈركۈلۈپ، قۇرۇغاندىن كېيىن سۇ بىلەن تازىلىنىدۇ، ئاخىرىدا مەتبەئە مېيى ئارقىلىق بېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاش بەت: كاۋاك تاش ماتېرىيالىدىن ياسىلىپ، تاش مەتبەئەدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بەتتىن ئىبارەت.

تاش قۇلۇپ: تاشتىن ياسالغان بىر خىل بەدەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



چىنقتۇرۇش ئەسۋابى بولۇپ، كونا شەكىلدىكى قۇلۇپلارغا ئوخشايدۇ.

تاش گۆر: يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىس قوراللار دەۋرىدىكى بىر خىل گۆر شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل گۆر تۆت دانە تاختا تاشنى يەرگە تىكلەپ، ئۈستىگە يەنە بىر دانە تاشنى يېپىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

سىلىق تاش قورال: يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن تاش قوراللارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تاش قوراللار سۈركەش ئارقىلىق سىلىقلانغان.

تاشيول: شەھەر سىرتىدىكى، ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتنايدىغان ۋە ئۈستىگە تاش - شېغىل يېيىتىلغان كەڭ ھەم تۈز يولنى كۆرسىتىدۇ.

تاش ئۈستەڭ: قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاستى ۋە ئىككى يېنىغا قورام تاشلارنى تەكشى تىزىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئۈستەڭنى كۆرسىتىدۇ.

تاش كۆۋرۈك: تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان كۆۋرۈكنى كۆرسىتىدۇ.

چاقچۇق: ئىككى جۈپ ئېللىپسسىمان تاشتىن ياسىلىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، ھەر بىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇپ بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - بىرىگە سوقۇپ تاۋۇش چىقىرىش ئارقىلىق مۇزىكا ئۇدارلىرىغا تەڭكەش قىلىنىپ، خىلمۇخىل رىتىملاردا چېلىنىدۇ. ئېللىپسسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىر، قىسقا دىيامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، ئۇزۇن دىيامېتىرى ئون سانتىمېتىر قىلىپ چوقۇپ، يونۇپ ياسىلىدۇ. تاش چالغاندا، ئۇنىڭ بىرى ئالقانغا قويۇلىدۇ. يەنە بىرى بارماقلار ئارقىلىق ئالقاننىڭ ئۇچى تەرىپىگە قىستۇرۇلۇپ، بىر - بىرىگە يېنىك سوقۇشتۇرۇش ئارقىلىق ناھايىتى سۈزۈك، يېقىملىق بولغان رىتىم ئاۋازلىرى چىقىرىلىپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

### 3. زىبۇ - زىننەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار

زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك تاشلار، يەنى جاۋاھىراتلارنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۇلاردىن كۆك گۆھەر، چىنتاش، ياقۇت، كەھرىۋا، چەش، ھېقىق، زۇمرەت، فىرۇزە، ئالماس، سەدەپ، مارجان، مەرۋايىت ۋە قاشتاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ خىل قىممەتلىك تاشلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «جاۋاھىرات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئىشلىتىلىش جەريانىدا بىر قىسمىلىرى يەككە ھالەتتە، بىر قىسمىلىرى قىممەتلىك مەدەنلەر ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ.

كۆك گۆھەر: گۆھەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەڭگى سۈزۈك ياقۇتتىن قېنىق، يېشىل، كۆك رەڭلىك، سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ، قېنىق كۆك سۈزۈك بولغانلىرى قىممەتلىك گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

زەيتۇن تاش: بىر خىل مىنېرال. تەركىبى تۆمۈر ۋە ماگنىينىڭ سىلىكاتلىرى بولۇپ، يېشىل، سارغۇچ يېشىل ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلەردە كېلىدۇ. پارقىراق ۋە سەل - پەل سۈزۈك بولىدۇ. ئادەتتە پىروكسېن، يەنى جولا تاش ۋە ئامفىبول بىلەن بىللە ماگما جىنسلار تەركىبىدە ئۇچرايدۇ. سۈزۈك ۋە يېشىل رەڭدىكىلىرى زىننەت بۇيۇمى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

چىنتاش، ياقۇت، زۇمرەت ۋە فىرۇزە قاتارلىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، جاۋاھىرات دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ياقۇت: بىر خىل مىنېرال بولۇپ، بەزىدە تەركىبىدە ئاز مىقداردا تۆمۈر، تىتان ياكى خىروم قاتارلىقلار بولىدۇ، ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىغا كىرىدۇ. كرىستالى كۆپىنچە بەل دۈمبىقىغا ئوخشايدۇ. قۇراشمىسى دانچە، زىچ كالالەك ھالەتتە بولىدۇ. رەڭگى ئادەتتە كۆكۈش كۈل رەڭ ياكى سارغۇچ كۈل رەڭ، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە ئاز مىقداردا خىروم بولغان قىزىل رەڭلىكلىرى قىزىل ياقۇت، سۈزۈك ھەم تەركىبىدە تىتان بولغان كۆك رەڭلىكلىرى كۆك ياقۇت دەپ ئاتىلىدۇ، تەركىبىدە تۆمۈر بولغانلىرى قوڭۇر، مانگان بولغانلىرى ئەتىرگۈل رەڭگىدە بولىدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە.

قىزىل ياقۇت: يەنە بىر ئاتىلىشى لەھەل بولۇپ، قىزىل رەڭلىك قېنىق بىر خىل مىنېرال بولۇپ، قاتتىقلىقى يۇقىرى. ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە نازۇك ئەسۋابلارنىڭ ئوقى ياكى تارازىنىڭ تايانچ نوختىسى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم، سىياھ بىلەن سۆز. ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم، لەھەل بىلەن كۆز» دېگەن قوشاقلار بار.

كەھرىۋا: قەدىمكى قارىغاي يېلىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى بولۇپ، سۇس سېرىق، قوڭۇر ياكى قىزىل قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق ماددىدىن ئىبارەت. ئىنتايىن چۈرۈك، يانغاندا يېقىملىق گاز چىقىرىدۇ. سۈركىگەندە توك ھاسىل بولىدۇ، ئادەتتە كەھرىۋا كىسلاتاسى ۋە ھەر خىل سىر ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، يەنە ئۇنىڭدىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىمۇ ياسىلىدۇ.

ناۋات رەڭ كەھرىۋا: بىر خىل مىنېرال، يەنى ئورگانىك بىرىكمە بولۇپ، كىرىستاللانمايدۇ. رەڭگى ناۋات رەڭدىن قىزغۇچ قوڭۇرغىچە، سىزىق ئىزى ئاق بولىدۇ. ماي ياكى دېۋىرقاي پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۈزۈلۈش يۈزى سەدەپسىمان، چۈرۈك كېلىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىر، سۈركەلگەندە زەرەتلىنىدۇ. سۈپىتى ياخشىلىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، سۈپىتى ناچارلىرىدىن كەھرىۋا كىسلاتاسى ياكى قارا سىر ئېلىنىدۇ، ئۇنى يەنە تېببىي دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

چەش: بىر خىل مىنېرال. ئۇ كۋارتسنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، يېلىن، ئۈزۈم ۋە نوكچە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۈزۈك كۆزى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ، چەشنىڭ ئېنىقراق رەڭگى قېنىق ھاۋا رەڭدە بولىدۇ.

ھېقىق: بىر خىل مىنېرال. ئادەتتە بىر خىل رەڭدە بولىدۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ھەر خىل ئوخشىمىغان رەڭدىكى قەۋەتسىمان، لېنتىسىمان، سىزىقسىمان ۋە سىزىقلىق گۈلسىمان بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆركەملىكى بىلەن ياقۇت ياكى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ.

زۇمرەت: تەركىبىدە خىروم بولغانلىقى ئۈچۈن يايپېشىل كۆرۈنىدىغان بىر خىل قىممەت باھالىق تاشتىن ئىبارەت.

فىروزە: بىر خىل مىنېرال. يېرىم سۈزۈك بولۇپ، ھاۋا رەڭ، كۆك يېشىل، ئاچ يېشىل ياكى ئازراق يېشىل ئارىلاش كۆل رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ، ئادەتتە قىممەت باھالىق مۇھىم مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە بېزەك بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئالماس: سۈزۈك، يالتىراق ۋە قىممەت باھالىق تەبىئىي تاشتىن ئىبارەت.

قارا ئالماس: ئالماسنىڭ ئۆزگەرگەن كۆل رەڭ ۋە قارا رەڭلىك تۈرى بولۇپ، تەركىبىدە ئاز - تولا گرافىت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئادەتتە قىرىش، سىيلىقلاش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

كۆك زەمىش: تاغدىن چىقىدىغان بىر كۆك رەڭلىك مەدەندىن ئىبارەت.

چىگنان: ئالتۇن بىلەن بىللە ياتىدىغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى، كىچىكى قوناقتەك، چوڭى سەرەڭگە قېپىدەك كېلىدىغان بىر پارقىراق تاشتىن ئىبارەت.

لەجۋە تېشى: بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە بولۇپ، رەڭگى كۆك، يېشىل، سېرىق ۋە جىگەر رەڭ ھالىتىدە ئۇچرايدۇ، ئوتتا ئېرىيدۇ. زەرگەرچىلىكتە ئادەتتە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ يۈزلىكىنىڭ جۇلالىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

سەدەپ: بەزى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ قاتتىق قاسىرقىدا پەيدا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭدىكى پارقىراق تاشسىمان قاتتىق ماددا بولۇپ، كۆپىنچە چىش ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىككىلەمچى ماتېرىيالى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مارجان: شەكلى دەرەخ شېخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆپىنچە قىزىل، ئاق ياكى قارا رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە مۇنچاق ۋە باشقا زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدا، يالتىرايدۇ مارجانلار، ئالالايدۇ جان تىكىپ، كۆكرەك كېرىپ بارغانلار» دېگەن قوشاقلار بار.

مەرۋايىت: ئۈنچە ياكى دۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىڭ قاپچۇقى ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يۇمىلاق دانچىلار بولۇپ، سۈت رەڭ ياكى سارغۇچ كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە مەرۋايىت يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار تېنىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش ياكى قۇم ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ قاپچۇقى ئىچىگە كىرىۋېلىش بىلەن شەكىللىنىدۇ، كۆپىنچە زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ.

قاشتاش: بىر خىل مىنېرال بولۇپ، سىپتا ۋە پارقىراق كېلىدۇ. قاشتېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان بىر خىل تاش قاتلىمى بولۇپ، ئۇ چالغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە قاشتاش زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تۈرلۈك نەقىش بۇيۇملىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. قاشتاشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ۋە نەقىش بۇيۇملىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قاشتاش بۇيۇملىرى دەپ ئاتىلىدۇ، خەلقىمىز قاشتاش ئېلىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى قاشتاشتىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياسىغۇچى كىشىنى قاشتاشچى دەپ ئاتاپ كەلگەن، قاشتاشچىلار قاشتېشىنىڭ تاش قاتلاملىرىدا ئۈزۈلۈك - ئۈزۈلۈك ھالەتتە ساقلىنىشىنى «قاغا كۆمدى» دەپ ئاتايدۇ.

قاتتىق قاشتاش: بىر خىل مىنېرال بولۇپ، يېشىل، كۆك ياكى يېشىل يوللۇق ئاق رەڭلەردە كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

ئاق قاشتېشى: قاشتېشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەڭگى ئاق ھەم سۈزۈك كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى قاشتېشى ئەلا سۈپەتلىك قاشتېشى ھېسابلىنىدۇ.

قاراقاش: رەڭگى قارا بولىدىغان قاشتېشىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ، بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ نامى شۇنىڭدىن كەلگەن.

كۆك قاشتاش: قاشتېشىنىڭ رەڭگى كۆكۈش كېلىدىغان بىر تۈرىدىن ئىبارەت.

زىلتاش: خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېقىنىدىن تېپىلىدىغان ئەلا سورتلۇق بىر خىل ئاقتاشتىن ئىبارەت.

كاۋاش: قاشتېشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئادەتتە ئاق كاۋاش، قارا كاۋاش، كۆك كاۋاش، سېرىق كاۋاش ۋە سۈزۈك كاۋاش دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

بەقەسەم يوللۇق قاشتېشى: قاشتېشىنىڭ بەقەسەمگە ئوخشاش يوللۇق بىر تۈرىدىن ئىبارەت.

چالغۇت: قاشتېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاتتىق تاش قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ.

**4. ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپ ماتېرىياللىرىغا دائىر تاشلار**

ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپ، قاتناش ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەشيالىرىدىن ياسىلىدىغان سايمان - جابدۇقلىرى تۈگمەن تېشى، تاش جۇۋاز ئۇگۇتلۇكى، خاما تېشى، ياغىچاق، چىڭقاق، تاش ئۇرچۇق، سناق تېشى، سەگگىز تېشى ھاك تاش، تامغا تاش، قىزىلتاش، كۆك تاش، قوغۇشۇن ئېقى، قوغۇشۇن ئۇيا، تاش بەلگە ۋە قاداق تېشى قاتارلىقلاردۇر. تۈگمەن تېشى ياغاچ، چويۇن، تاسما قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ. تاش جۇۋاز ئۇگۇتلۇكى، ياغىچاق، تاش ئۇرچۇق قاتارلىقلار ياغاچنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ. خاما تېشى، چىڭقاق، سناق تېشى ۋە سەگگىز تېشى يەككە ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە. ھاك تاش، تامغا تاش، قىزىلتاش، كۆك تاش، قوغۇشۇن ئېقى، قوغۇشۇن ئۇيا ۋە قاداق تېشى قاتارلىقلار ھاكچىلىق، تامغىچىلىق، بوياقچىلىق، سودا - سېتىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، تاش بەلگە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش خاسلا ئىشلىتىلىپ، قاتناش ئىشلىرىمىزدا يول ئارىلىقىنى توغرا مۆلچەرلەش رولىنى ئويىنىغان.

تۈگمەن تېشى: تۈگمەن تېشى تاشتىراشلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى مۇھىم بىر ئىختىرالىق ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تۈگمەن تېشىنى ياساشتا ئالدى بىلەن تۈگمەن تېشى ياسىغىلى بولىدۇ دەپ قارالغان يوغان تاشلارنى تاللاپ، ياسىلىدىغان تۈگمەن تېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى مۆلچەر قىلىپ، تاشقا قارا چېكىپ، چەككەن قارنى بويلاپ تاشنىڭ ھەر 10 - 15 سانتىمېتىر يېرىدىن سۇمبە بىلەن تۆشۈك تەشكەن، تېشىلگەن بارلىق تۆشۈكلەرگە سۇمبە سېلىپ، سۇمبە ئەتراپىغا تۆمۈر زىچ پانا قىستۇرۇپ، سۇمبىنى بازغان بىلەن تەكشى ئۇرۇش ئارقىلىق تاشلارنى يولى بويىچە پارچىلاپ، ئۇسكۇنە ئارقىلىق پارچىلانغان تاشنى يونۇپ تۈگمەن تېشىنى ياسىغان. ئادەتتە، تۈگمەن تېشىنىڭ دىيامېتىرى بىر مېتىردىن، قېلىنلىقى 50 - 60 سانتىمېتىردىن كەم بولمايدۇ. يونۇپ ياسالغان تۈگمەن تېشىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن توغرا مۆلچەر ۋە ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ. تېگى - تۆپە ئىككى تاشنىڭ بىر - بىرىگە چىپسىلاشتۇرۇلىدىغان كەسمە يۈزلىرى تاش مەركىزىدىن تاش سىرتىغا قاراپ تەدرىجىي پەسەيتىلىپ چىپىپ سىپتىلاشتۇرۇلىدۇ. تاش مەركىزىدىن ئون سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تاش سىرتىغا قارىتىلىپ، ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە، بىرەر سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا نۇرسىمان ساي تارتىلىدۇ. نۇرسىمان سايىنىڭ تاش مەركىزىي تەرىپى تار، تاش سىرتى تەرىپى كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ نۇرسىمان سايلار ئۇننىڭ كۆيۈپ كەتمەي، كىچىك نۇر ئارقىلىق خامىغا سۈپەتلىك چۈشۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۈستى تاش قىلىنىدىغان تاشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى

تۆشۈك يېنىدىن بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلتۈرۈلۈپ كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېتىك ئېلىنىدۇ، بۇ پاقا دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى يەرلەردە پاقا S شەكلىدە كىرىتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

تاش جۇۋاز ئۇگۇتلۇكى: تاش جۇۋاز ئۇگۇتلۇكى يەنە بىر ئاتىلىشى جۇۋاز گوندىسى. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز جۇۋازنىڭ گوندىسىنى تاشتىن ياساپ ئىشلەتكەن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق جۇۋازنىڭ گوندىسى ياغاچ كۆتىكىدىن ئويۇلۇپ، ئىچىگە ئۆرۈك ياغىچىدىن راسلانغان باچكا ئورنىتىلىش ئارقىلىق ياسىلىپ، ئىش ھالقىلىرى بىر قەدەر يېنىكلىتىلگەن.

خاما تېشى: باسما تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 30 كىلوگىرامدىن 35 كىلوگىرامغىچە، بەزى ئورۇنلاردا 45 كىلوگىرامدىن 50 كىلوگىرامغىچە بولغان تۆت پارچە تەبىئىي تاش بولۇپ، جۇۋازدا ماي تارتىش داۋامىدا بېسىم سۇپىسىغا قويۇپ يانجىلغان ئۇگۇتنى چىلىك سىقىش ئۈچۈن بېسىم كۈچەيتىش رولىغا ئىگە بولغان تاشتىن ئىبارەت.

ياغچاق: بورا توقۇش ئىشىدا قومۇش ئېزىشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئاقلىغۇچ بىلەن پاكىز ئاقلىنىپ، يارغۇ ئارقىلىق بىر تەرىپى يېرىلىپ تەييارلانغان قومۇشنى ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ياغچاقنىڭ ئىككى خىلى بولۇپ، بىرى سىلىندىر شەكلىدە ياسالغان تاشنىڭ ئىككى بېشىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىپتا ياسالغان ياغاچتىن دەستە بېكىتىلىپ، شۇ دەستىدىن پايدىلىنىپ ياغچاقنى ئالدىغا ۋە ئارقىغا ماڭدۇرۇش ئارقىلىق قومۇش ئېزىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا، يارغۇنچاق تېشىغا ئوخشاش يۇملاق ياسالغان تاشنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، سىپتا راسلانغان ياغاچتىن دەستە بېكىتىلىپ، بېكىتىلگەن دەستە ئارقىلىق تاشنى تىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، يۇملىتىش ئارقىلىق قومۇش ئېزىلىدۇ.

چىڭقاق: ئارقانچىلىق كەسپىدە خام تېرىدىن ئىشلەنگەن ئارقان، تۇشۇڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىر ئۇچىغا ئېسىپ قويۇلغان باستۇرغا تاشتىن ئىبارەت.

تامغا تاش: ئاساسلىق تەركىبى پىروفىللىتتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل يۇمشاق تاش ماتېرىيالى بولۇپ، ئادەتتە ئويمىچىلىق ھۈنەر - كەسپىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان تامغا ئويۇش ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئويۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

تاش ئۇرچۇق: ئۇرچۇق بىر خىل ئەنئەنىۋى يۇڭ ۋە پاختىدىن يىپ ئېگىرىش جابدۇقى بولۇپ، 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، چىمچىلاق قول تومۇلۇقىدىكى تاياقچىنىڭ تۆۋەنكى بېشىغا چوڭ چىنىنىڭ تەگلىكى چوڭلۇقىدا يۇملاق تاش دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، يۇقىرىقى بېشىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، ئېچىلغان تۆشۈككە سەرەڭگە تېلى چوڭلۇقىدىكى توغرا ياغاچ بېكىتىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئۇرچۇق يىپچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي سايمانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىناق تېشى: نەكتاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەركىبىدە كۆمۈر ماددىسى بولغان كىۋارتىس بىلەن ئوپال قاتارلىقلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل مىنېرالدىن ئىبارەت بولۇپ، زىچ، قاتتىق ۋە قارا كېلىدۇ. زەرگەرچىلىك قول ھۈنەر - سەنئىتىدە زەرگەرلەر ئۇنىڭ بىلەن ئالتۇننىڭ ئۈستىگە ئىز چىقىرىش ئارقىلىق، ئالتۇننىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى سىناش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

سەڭگىقىز تېشى: ئەتلەس توقۇش دۇكىنىدىكى شانىسىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چىگىلگەن تاشتىن ئىبارەت. سەڭگىقىز ـــ ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارغا ئۆتكۈزۈلگەن شادىلارنى دەپتىندىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان شاننى كۆرستىدۇ.

ھاك تېشى: چۆكۈندى جىنسلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، مۇھىم تەركىبى كالتسىي كاربونات. تازا ھاك تاش ئاق رەڭلىك بولىدۇ. بىراق تەركىبىدە ھەر خىل ئارىلاشمىلار بولغانلىقى ئۈچۈن كۈل رەڭ، قارا رەڭ، سەل قوڭۇر رەڭ، قارا كۆك رەڭ، سۇس يېشىل رەڭلەردە بولىدۇ. ھاك تاش كۆپ مىقداردىكى كالتسىيلىق ماددىلار ياكى قۇلۇلە، مارجان قاتارلىق بىيولوگىيەلىك تەن قالدۇقلىرىنىڭ دېڭىز ئاستى ياكى كۆل ئاستىغا چۆكۈشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ھاك تاش مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتىدە ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ، ھاك تېشىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ھاك تۇرمۇشىمىزدا كەڭ دائىرىلىك ئىشلىتىلىدۇ.

قىزىلتاش: يەنە بىر ئاتىلىشى قىزىل رەڭلىك تۆمۈر

uyghurkitap.com



رۇدىسى بولۇپ، قىزىل تۆمۈر تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىر خىل مىنېرال بولۇپ ئۈچ ياقلىق كىرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كىرىستالى رومبا يۈزلۈك ياكى تاختىلىق بولىدۇ. ماگنىت رۇدىسىنىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن ھاسىل بولغانلىرى ماگنىت رۇدىسىنىڭ ساختا كۆرۈنۈشىدە بولۇپ، «ساختا كۆرۈنۈشلۈك قىزىل تۆمۈر تاش» دەپ ئاتىلىدۇ، قۇراشمىسى كۆپ خىل ھالەتتە بولىدۇ، مېتال ھەم يېرىم مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە.

كۆكتاش: تەركىبىدە بەش مولېكۇلا كىرىستال سۇ بولغان مىس سۇلفات بولۇپ، كۆك رەڭلىك كىرىستال مەدەن بوياقتىن ئىبارەت.

قوغۇشۇن ئېقى: يەنە بىر ئاتىلىشى قوغۇشۇن ئۇپا بولۇپ، ئاق تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى — قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات. كاربونات — دېگىنىمىز كاربونات كىسلاتا تۇزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە نورمال تۇز ۋە كىسلاتالىق تۇز دېگەن تۈرگە قارىتىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال تۇز كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قوغۇشۇن ئېقى، ئاق رەڭلىك مەدەن بوياق بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل پەرداز بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. قارا قورۇم تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ، بازاردا سېتىلىۋاتقان «ئۇپا تاش» دەل شۇ بوياقنىڭ ئۆزىدۇر.

قوغۇشۇن ئۇپا: يەنە بىر ئاتىلىشى ئاق تاش بولۇپ، ئاق ياكى ئاقۇچراق رەڭلەردە كېلىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ بارلىق تاغ - دەريالىرىدىن چىقىدۇ. شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. ئاق تاش قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات. «كاربونات دېگىنىمىز كاربونات كىسلاتا تۇزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە نورمال تۇز ۋە كىسلاتالىق تۇز دېگەن تۈرگە قارىتىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال تۇز كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ». ئاق تاش يانجىپ ئېزىلىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەر خىل رەڭلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلسا، قەغەز ۋە رەڭ بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

قاداقتاش: نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى قاداق (قاداقلاپ ئۆلچەيدىغان تارازا بولۇپ، ئادەتتە بىر قاداق 454، 0 كىلوگرامغا توغرا كېلىدۇ) بىلەن ئۆلچەشتە قاداقنىڭ پەللىسىگە قويۇلىدىغان تاشنى كۆرسىتىدۇ.

يول مۇساپىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن يول بويلىرىغا تاش بەلگە قويۇلاتتى ۋە ئۈستىگە مۇساپە سانى يېزىلاتتى. ھەر بىر بەلگىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن سەككىز چاقىرىم (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: چاقىرىم - مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان يەرلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر چاقىرىم ئادەتتە 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ دېيىلگەن.

## 5. بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاشلار

بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەشيالىرىدىن ياسىلىدىغان سايمان - جابدۇق ۋە ماتېرىياللاردىن خاڭدالما، تام تاش، ئۇل تاش، پىنتا، يۇيما تاش سۇۋاق، چاپما تاش سۇۋاق ۋە تاش تام قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە خاڭدالما ياغاچ ۋە ئارقانىنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ. تام تاش پەقەت ياغاچنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ. ئۇل تاش، پىنتا يەككە ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە. يۇيما تاش سۇۋاق بىلەن چاپما تاش سۇۋاق ھاك، سېمونت، قۇم ۋە سۇ قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ.

خاڭدالما: ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۇلىنى خاڭداپ چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تاش قۇرۇلمىلىق سايمان بولۇپ، دىيامېتىرى تەخمىنەن ئون سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى سوقا تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئىككى بىقىنىدىن كەكە دەستىسى توملۇقىدا، ئالتە - يەتتە سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇتقۇچ بېكىتىلىدىغان تۆشۈك، تۆپە قىسمىنىڭمۇ ئىككى يېرىدىن كەكە دەستىسى توملۇقىدا ئالتە - يەتتە سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇتقۇچ بېكىتىلىدىغان تۆشۈك ئېچىلىپ، مۇۋاپىق دەستە بېكىتىلىپ ياسىلىدۇ.

سوقما تاش: سوقما تاش ئادەتتە تام تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سوقما تاش ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تېمىنى سوقۇشتا تام گەۋدىسىنى چىڭداش ۋە پۇختىلاش رولىنى ئوينايدۇ. ياسىلىشى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئادەم بېشى چوڭلۇقىدىكى دۇپدۇگىلەك كەلگەن تاشنىڭ چوققا قىسمىدىن كەكە سېپى چوڭلۇقىدا، بەش سانتىمېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ، 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى باش تەرىپىنىڭ ئىككى بېشى ئىنچىكىلىتىپ سىلىقلانغان، تۈز قىرلىق ئوتتۇرىدىن ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىقىرىلغان چىشى تۈرۈمغا، تاش تۆشۈككە تىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساقما تاش دەستىسى

كىرگۈزۈلۈپ ياسىلىدۇ. سوقما تاش ئادەتتە تاش، تاش كوزىسى، تاش دەستىسى ۋە تاش تۇتقۇچىدىن ئىبارەت تۆت تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ.

ئۇل تاش — ئۆي - ئىمارەت، مەسچىت - خانىقا قاتارلىقلارنىڭ ئۇلىنىڭ مۇستەھكەم ۋە پۇختا بولۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق دەپ قارالغان تاشلارنى چوقۇش، يونۇش ۋە چېپىش ئارقىلىق ياپساسنى كەلتۈرۈپ ياسىلىدىغان چوڭ - كىچىك كېسەك شەكلىدىكى تاشتىن ئىبارەت.

پىنتا: ئۆي - ئىمارەت ۋە ئېغىل - قوتانلارنىڭ تۈۋرۈك - دىڭگەكلىرىنىڭ يەرگە تېگىشىپ تۇرغان ئورنىنىڭ بالدۇر سېسىپ كاردىن چىقماسلىقى ۋە تۈۋرۈك - دىڭگەكلەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تاش قۇرۇلمىلىق بۇيۇم بولۇپ، ئاساسەن ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، چوڭ - كىچىك ۋە يۇمىلاق، چاسا شەكىللەردە، مۇۋاپىق كېلىدىغان تاشلاردىن چوقۇش، يۇيۇش، چېپىش ئارقىلىق ئاق بوزتاش ۋە بېغىررەڭ تاشلاردىن ياسىلىدۇ.

يۇيما تاش سۇۋاق: ئۇششاق سوقۇلغان تاشنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋالغان سۇۋاق سەل قېتىشقاندىن كېيىن، يىرىكرەك چوتكا بىلەن چوتكىلىنىدۇ ياكى ناسوس بىلەن سۇ پۈركۈلۈپ، يۈزىدىكى لاي يۇيۇپ چۈشۈرۈۋېتىلىپ تاشلار يېرىم كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، يۇيما تاش سۇۋاق ئادەتتە ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى قىسمىغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

چاپما تاش سۇۋاق: بىر خىل سۇۋاق شەكلى بولۇپ، تام تاش ئۇۋاقلىرى، سېمونت ۋە سۇ قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان لايدا سۇۋۇلۇپ، مەلۇم دەرىجىدە قاتقاندىن كېيىن، پالتىدا چاناپ قىر چىقىرىلىدۇ.

تاش تام: ئاساسەن تاش ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قوپۇرۇلىدىغان تام تۈرىنى كۆرسىتىدۇ، تاش تام ئاساسلىقى تۇپرىقى ناچار ياكى توپا قىس بولغان تاغلىق رايونلاردا ئومۇملاشقان.

**6. ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاش جابدۇقلار**

ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تاش ئەشيالىرىدىن ياسالغان قورال ۋە جابدۇقلاردىن تاش نەيزە، تاش باشاق، سالغا تېشى ۋە تاش توقماق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل تاش قوراللار ئاساسەن چوقۇش، يونۇش ۋە سۈركەش يوللىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تاش ھالىتىدىلا ئىشلىتىلگەن. كۆپىنچىسىدە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار قوشۇلمىغان، پەقەت تاش باشاق ياغاچ بىلەن كىرىچنى، سالغا تانا بىلەن كۆننى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلغان.

تاش نەيزە: قەدىمكى ئوۋ قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تاشنى چوقۇش - يونۇش ئارقىلىق ئۈچ تەرىپى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئۇچلۇق قىلىنىپ، ئارقا تەرىپىدىن دەستە كۆزىنىكى چىقىرىلىپ ياسىلىدىغان ئىپتىدائىي نەيزىنى كۆرسىتىدۇ.

تاش باشاق: ئوقيا ئوقىنىڭ تاشتىن ياسالغان ئۇچ قىسمىنى بىلدۈرىدۇ، باشاق پەيكان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سالغا تېشى: سالغا بۇرۇنقى زاماندىكى تاش ئېتىش قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئالقانچىلىك رەخت ياكى كۆننىڭ ئىككى بېشىغا ئۇزۇن يىپ چىگىلىدۇ. يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ كۆن ئۇچىدىكى تاشنى باشتىن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ، تاش يىراققا ئېتىلىدۇ. كۆن ئەچگە سېلىنغان تاش سالغا تېشى، سالغا بىلەن تاش ئاتقۇچى كىشى سالغىچى دەپ ئاتىلىدۇ.

تاش توقماق: ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇرۇپ يىقىتىش ئۈچۈن دەستىسى تۈز، باش تەرىپى تومپاي قىلىنىپ، تاشتىن چوقۇپ، يونۇپ ياسالغان ئىپتىدائىي ئوۋ قورالىدىن ئىبارەت.

**7. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاش جابدۇقلار**

ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تاش ئەشيالىرىدىن ياسالغان سايمان - جابدۇقلاردىن تاش كەتمەن، تاش ئورغاق، تاش تۇلۇق، بوقۇسا چىشى، تاش ھالقا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل تاش قوراللار ئاساسەن چوقۇش، يونۇش ۋە سۈركەش يوللىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تاش ھالىتىدىلا ئىشلىتىلگەن. كۆپىنچىسىدە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار قوشۇلمىغان، پەقەت تۇلۇق تېشى ياغاچ، چويۇن، تۆمۈر، تاسما، ئارقان قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ماتېرىيالى قىلىدۇ.

تۇلۇق تېشى: تۇلۇق تېشىنى ياساشتا خەلقىمىز ئۆزلىرى تۇلۇق ياساشقا يارايدۇ دېگەن تاشنى تاللاپ، ياسىلىدىغان تۇلۇقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى مۆلچەر قىلىپ، تاشقا قارا چېكىپ، چەككەن قارىنى بويلاپ تاشنىڭ ھەر 10 - 15 سانتىمېتىر يېرىدىن سۇمبە بىلەن تۆشۈك تەشكەن،

تېشلگەن بارلىق تۆشۈكلەرگە سۇمبە سېلىپ، سۇمبە ئەترابىغا تۆمۈر زىچ پانا قىستۇرۇپ، سۇمبىنى بازغان بىلەن تەكشى ئۇرۇش ئارقىلىق تاشلارنى يولى بويىچە پارچىلاپ، ئىسكىنە ئارقىلىق پارچىلانغان تاشنى يونۇپ تۇلۇق ياسىغان. تۇلۇقنىڭ ئىچكى بېشى ئىنچىكىرەك، سىرتقى بېشى تومراق ھالەتتە ياسىلىپ، ئىككى بېشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن چىشى تۇرۇم (كۆزنەك) ئورنىتىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ تۆشۈككە چىشى تۇرۇم (كۆزنەك) ئورنىتىلغاندىن كېيىن، تۇلۇق ياغاچتىن ياسالغان جاھازىغا ئېلىنىدۇ. تۇلۇق جاھازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بالباققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەركەك تۇرۇم تۇلۇقنىڭ چىشى تۇرۇمىغا كىرگۈزۈلۈپ، تولۇق جاھازىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە مۇستەھكەم پانا - شىنالار قېقىلىپ، جاھازا تۇلۇقنى قويۇۋەتمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. تۇلۇق تۆت قىرلىق، ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق، 12 قىرلىق تۇلۇق دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ.

بوقۇسا چىشى: بوقۇسىنىڭ تاشتىن ياسالغان چىشىنىڭ شەكلى تۆمۈردىن ياسالغان چىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ خىل چىش نىسبەتەن يۇمشاق ۋە سىلىق تاشتىن ياسىلىدۇ. لېكىن تۆمۈر چىشقا قارىغاندا قوپالراق، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

تاش ھالقا: تاشتىن چوقۇش، يونۇش يولى ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئايلانمىسى سىلىغايتىلىپ ياسالغان ئىپتىدائىي ھالقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 8. تاشتىن ياسىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى

ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاشتۇز، تاش ئوچاق ۋە تاش ئەشيالىرىدىن تەييارلىنىدىغان سايمان - جابدۇقلاردىن يارغۇنچاق تېشى، سۇرمەل، تاش سوقا، تاش چىراغ، تاش بىلەي، تاش ھاۋانچا، تاش قىرغۇ، تاش پىچاق ۋە سىنتاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن يارغۇنچاق تېشى، تاش سوقا، ياغاچنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ. تاش چىراغ ھايۋان يېغى، پىلىك ۋە شىشىلەرنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدۇ، قالغانلىرى يەككە ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە.

تاشتۇز: يەر پوستىغا چۆكۈپ قەۋەتلەنگەن تۇزدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆل - دەريالار قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇ يەنە «مىنېرال تۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تاش ئوچاق: سىپتا ۋە سىلىق تاشلارنى قانۇنىيەتلىك تىزىپ ياسىلىدىغان ئوچاق بولۇپ، بۇ ئوچاق رەسمىي يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگەن مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ئىپتىدائىي ئوچاق تۈرىدىن ئىبارەت.

يارغۇنچاق تېشى: يارغۇنچاق تېشى ئىپتىدائىي تۈگمەن يارغۇنچاقنىڭ ناھايىتى مۇھىم قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە - يەتتە سانتىمېتىر بولۇپ، چېتىنىڭ ئازراق يېرىدىن قۇلاقلىق سالپا چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ. يارغۇنچاق تېشىنى پىرقىرىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان سالپىنىڭ ئوتتۇرىسى تېشىلىپ ياغاچ ساپ بېكىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يارغۇنچاق تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بېكىتىلگەن ياغاچ «بوغقۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. يارغۇنچاقنىڭ ئۈستۈنكى تېشىنىڭ بىر نۇقتىدا ئايلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاستىنقى تاشقا ئورنىتىلغان ياغاچ «شۈمەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇرمەل: ئائىلىلەردە يىرىك ئاشلىقلارنى ئېزىپ ئۇن قىلىشقا، قورۇپ پىشۇرۇلغان يىرىك ئاشلىقلارنى ئېزىپ تالقان قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ سوزۇنچاق تاشنىڭ بىر يۈزى ياي شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يىرىك ئاشلىق ئۈستىگە يېيىلىپ، نوغۇچسىمان تاش بىلەن سۈرۈپ يۇمشىتىلىدۇ. سۇرمەل تەبىئىي سوزۇنچاق تاشتىن ياسالغاچقا، چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمى بولمايدۇ. ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 - 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 25 - 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نوغۇچ تاشقىمۇ تەبىئىي سوزۇنچاق تاش ئىشلىتىلىدۇ.

تاش سوقا: يوغان تاشنىڭ ئوتتۇرىسى نىسبەتەن چوڭقۇر ئويۇلۇپ، ئويۇلغان بوشلۇقنىڭ ئىچكى قىسمى كەڭ، تېگى ئويمان ۋە سىلىق قىلىپ ياسىلىدىغان، شال ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سوقا تۈرىنىڭ بىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىرى بولىدۇ. كىچىكى خۇددى ھاۋانچىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ، چوڭ تاش سوقىنىڭ بوتىسى مەخسۇس تاشلاردىن ياسىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇنراق نوغۇچسىمان تاشنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئىككى يېنىدىن كەكە سېپى تومۇقىدا ئويۇق ئويۇلۇپ، ئويۇلغان ئويۇققا

ياغاچ دەستە بېكىتىلىپ، ئۇرە تۇرۇپ خۇددى تام تېشىنى
ئۇرغاندەك ئۇرۇش ئارقىلىق شال ئاقلىنىدۇ.

تاش چىراغ: قارا چىراغنىڭ قوپالراق تۇرلىرىنىڭ
بىرى بولۇپ، كىچىك سوزۇنچاق تاشنىڭ ئۇستى تەرىپە-
دىن ماي قۇيۇلىدىغان ئۇيۇق ئويۇلۇپ، ئۇيۇقنىڭ بىر
تەرىپىدىن پىلىك تۇرىدىغان كىچىك ئېرىقچە ئويۇلۇپ،
تېگى تەكشىلىنىپ، مۇنتىزىم تۇرىدىغان هالەتكە كەلتۇرۇل-
دۇ. ئويۇقچىغا ياغلىق زىرائەتلەرنىڭ مېيى قۇيۇلۇپ، پاخ-
تىدىن ئېشىلگەن پىلىك سېلىنىپ، پىلىكنىڭ بىر ئۇچى
كىچىك ئويۇلغان ئېرىقچە ئارقىلىق سىرتقا بىرئاز چىقىرد-
لىپ ئوت يېقىلىپ، پايە ئۇستىگە قويۇپ قويۇلىدۇ، سىپتە-
لىرىنىڭ ئالدىغا پىلىك چىقىرىش ئېغىزى، كەينىگە تۇتقۇچ
چىقىرىلىپ، ئەتراپى نەقشىلىنىپ ياسىلىدۇ. قارا چىراغ
يېنىش جەريانىدا پىلىكنىڭ كۆيۇپ ياكى چالا كۆيۇپ پول-
تېيىپ ساڭگىلاپ قالغان پوتلىسىنى ئېلىپ چىراغنى
پەرلەش ئۇچۇن سۆڭەك ياكى ياغاچتىن ياسالغان كىچىك
زىخچە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ زىخچە پەرلىگۇچ ياكى شىش دەپ
ئاتىلىدۇ.

بىلەي تاش: بىلەي ئادەتتە تىغلىق ئەسۋابلارنى
بىلەپ ئىتتىكلىتىش، پارقىرتىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان
تاش قۇرۇلمىلىق بۇيۇم بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە
رولى ناهايىتى كەڭ. هەرقانداق تىغلىق ئەسۋابنىڭ بىسى
قايرىلىپ كەسمەس بولۇپ قالغاندا ئىتتىكلىتىش ئۇچۇن
بىلەيدە بىلىنىدۇ. «ئۆتمەس پىچاقنىڭ غىلتاڭ بىلەيى بار،
پۇچۇق قىزىمنىڭ جىرتاق كۇيۇسى بار»، «ئۆتمەس پە-
چاققا غىلتاڭ بىلەي» دېگەن ماقال - تەمسىللەر كۆپ
ئۇچرايدۇ. بىلەي تەبىئىي بىلەي، سۇنئىي ۋە مايلىق
بىلەي دەپ ئۇچ تۇرگە بۆلۇنىدۇ. تەبىئىي بىلەي، يىرىك
بىلەي، ئارا بىلەي ۋە سىيلىق بىلەي دەپ ئۇچ تۇرگە بۆ-
لۇنىدۇ.

يىرىك بىلەي: يىرىك تاشتىن ياسالغان بىلەي بولۇپ،
قىر - بىسلىرى ئۇچۇپ كەتكەن ياكى يېڭى ئەسۋابلارنى
بىلەش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

ئارا بىلەي: ئۇششاق تاش دانچىلىرىنى ئۇز ئىچىگە
ئالغان بىر قەدەر سىلىق تاش بولۇپ، گالىلىشىپ ئۆتمەس
بولۇپ كەتكەن ئەسۋابلارنى بىلەش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

سىلىق بىلەي: تىغنى ئارا بىلەيدە بىلىگەندە ئىتتىكل-
سىمۇ، لېكىن تىغدا تاش دانچىلىرىنىڭ سۇركۇلۇشىدىن
هاسىل بولغان ئۇششاق ئىزلار قالغان بولىدۇ. مۇنداق
تىغنى سىلىق بىلەيدە يەنە بىر قېتىم بىلىۋەتكەندە ئەسۋاب
تىغىغا چىقىۋالغان قىلاتىلار يوقاپ، راۋان كېسىش شارائىتى
هازىرلىنىدۇ.

سۇنئىي بىلەي: سۇنئىي بىلەينىڭ قۇم چاق بىلەي ۋە
پولات تاختا شەكىللىك بىلەي دېگەن تۇرلىرى بار.

مايلىق بىلەي: تەبىئىي مايلىق بىلەي ۋە سۇنئىي
مايلىق بىلەي دەپ ئىككى تۇرگە بۆلۇنىدۇ. تەبىئىي
مايلىق بىلەي مەرمەر تاشتەك ئاق، سۇزۇكرەك، سىلىق،
پارقىراق ۋە سىپتا بولۇپ، ئىشلەتكەندە ماي تېمىتىلىدۇ.
سۇنئىي مايلىق بىلەي بولسا، كىرىمنىي كاربىدى پاراشوك-
دىن ياسىلىدۇ. پاراشوك دانچىلىرىنىڭ يۇمشاق ياكى يە-
رىكلىكىگە قاراپ، بىلەي هەر خىل تۇرلەرگە بۆلۇنىدۇ.
هۇنەرۋەنلەر تاشنىڭ يۇمشاق - يىرىكلىكى، رەڭگىنىڭ
پارقىراقلىقى، قۇم دانچىلىرىنىڭ ئۇششاق - چوڭلۇقى،
تاش لېيىنىڭ ئاز - كۆپلۇكىگە قاراپ بىلەينىڭ ياخشى -
يامان، ئۆلچەملىك ۋە ئۆلچەمسىزلىكىنى ئايرىۋالايدۇ.
رەڭگى بىر بولغان بىلەي ياخشى ئۆلچەملىك بىلەي، داغ
ۋە قاداق بارلىرى ناچار ئۆلچەمسىز بىلەي دەپ قارىلى-
دۇ. بىلەينىڭ يۇمشاق - قاتتىقلىقى بىلەش سۇرئىتى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇمشاق بىلەيگە ئەسۋابنى ئاستا
سۇركەشكە، قاتتىق بىلەيگە تېز سۇركەشكە بولىدۇ.
يۇمشاق بىلەي تۆمۇرنى تېز ئالىدۇ، قاتتىق بىلەي تېز
ئالمايدۇ. بىلەينىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقىنى بىلىشتە، بىلەيگە
سۇ تېمىتىپ كۆرىمىز. سۇنىڭ سىڭىشى تېز بولسا يۇمشاق
بىلەي، سۇنىڭ سىڭىشى ئاستا بولسا قاتتىق بىلەي هېساب-
لىنىدۇ. بىلەيدە ئەسۋابلارنى بىلىگەندە بىر يەرگىلا سۇر-
كۇمەي، بىلەينىڭ هەممە يېرىگە تەكشى سۇركەش لازىم.

تاش هاۋانچا: هاۋانچا ئاساسەن دورا - دەرمەك، تا-
ماققا سېلىنىدىغان تەم تەڭشىگۇچى خۇرۇچلارنى يانچىپ
سوقۇش ئىشلىرىدا ئىشلىنىدىغان تۆشۇك جابدۇقلىرىنىڭ
بىرى بولۇپ، مۇۋاپىق چوڭلۇقتا، تاش ئىچىنىڭ تېگى
ئويپاڭ، قورساق قىسمى گۇمرەڭگە، ئۇستى تەرىپى ئېغى-
زى تەرەپكە قىيسايغان هالەتتە تار، 15 - 20 سانتىمېتىر
چوڭقۇرلۇقتا، سىرتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تەگلىك چىقىرىل-
غان، ئوتتۇرىسى قورساقلىق، ئۇستى تەرىپى ئېغىزى

www.uyghurkitap.com



تەرەپكە قىيسايغان ھالەتتە تار ياسىلىدۇ. تاش ھاۋانچىدا دورا - دەرمەك، تاماقتا سىلىنىدىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى يانجىپ سوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس تاش ياسالىدۇ. بۇنى سوقا تاش دەپ ئاتايدۇ. دورا - دەرمەك، تاماقتا سىلىنىدىغان تەم تەڭشىگۈچى خۇرۇچلارنى يانجىپ سوقۇشتا سوقا تاشنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. سوقا تاش كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تەبىئىي تاشلارنىڭ مۇۋاپىق كەلگەنلىرىدىن تاللىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا تاشتىراشلىق تېخنىكىسى بويىچە چوقۇپ، يونۇپمۇ ياسىلىدۇ.

سىنتاش: ئاق سۈزۈك تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ خىل تاش سۈزۈكلۈكىدىن ئادەم قارىسا، ئادەمنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن سىنتاش دەپ ئاتالغان.

**9. تەبىئەتتە ئىشلىتىلىدىغان تاش جابدۇقلار ۋە بىر قىسىم تاش دورىلار**

تەبىئەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەشيالىرىدىن تەييارلىنىدىغان سايمان - جابدۇق ۋە بىر قىسىم دورىلاردىن قوقاق تېشى، سۈرمە تاش، يادىتاش، دېڭىزبيا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قوقاق تېشى: قوقاق يارىسىغا سۈرتۈلىدىغان گېلىغا ئوخشاش بىر خىل تاشتىن ئىبارەت.

كۆك تاش: تەركىبىدە بەش مالېكۇلا كىرىستال سۇ بولغان مىس سۇلفات، يەنى كۆك رەڭلىك كىرىستال جىسىم. قورغاق ھاۋادا تەدرىجىي يېمىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بوياق، تىزاپ ۋە ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى ياسىغىلى بولىدۇ ھەمدە كىشى بەدەنلىرىگە چىققان يامان سۆپەتلىك يارا - چاقىلارغا دورا قىلىنىدۇ. قورسىقى كۆپكەن، سىيەلمەس بولۇپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تىلىغا سۈركەش ياكى سۇدا ئېرىتىپ ئىچكۈزۈش ئارقىلىق داۋالاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

سۈرمە تاش: موزا، بوزۇغا، كۆك تاش ۋە ئېگىر قاتارلىق دورىلارنى سۈرۈپ ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاشتىن ئىبارەت. كىچىكرەك تاش يۇملاق ياكى چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ ياسىلىپ، ئۈستىگە سۈرۈلىدىغان دورىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر ياكى بىر قانچە كىچىك - كىچىك ئويۇقچىلار ئويۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە تەبىئىي ئويۇقى بولغان تاشلارمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، دورا سۈرۈشتە ئويۇق ئىچىگە ئاز مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، دورا تاشقا سۈرۈلىدۇ. دورا سۈرۈلۈشتىن ھاسىل بولغان مەلھەم بېمارنىڭ يەرلىك ئورۇنلىرىغا سۈۋۈلىدۇ. بولۇپمۇ بوۋاق بالىلاردا سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرگە قارىتا دورا ئەملەشتە ئاساسەن سۈرمە تاشتىن پايدىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرى ئۆيلىرىدىن مۇنداق تاشنى تېزلا تاپقىلى بولاتتى، ھازىر بۇ خىل تاشمۇ تۇرمۇشىمىزدىن بىراقلا يوقىلىش گىردابىغا باردى.

يادىتاش: كېسەل ئاتالارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە ھاللاردا يۇملاق ياكى يالپاقراق يۇملاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتتەك، بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس ھاۋا رەڭ، كۆل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ. سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ ياكى چاپىنالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ. كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ، قات - قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش سەل پارقىرايدۇ. كېسەل ئاتالارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىكى تاشلارنى يىغىۋېلىپ پاكىز يۇيۇپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قىرتاقراق، تۇزلۇقراق تاتلىق. تەبىئىتى سوغۇققا مايىل، زەھەرسىز، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ، چۆچۈشنى باسىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ.

دېڭىزبيا: كالا ئۆت تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، ئۆت تېشى بىلەن ئاغرىغان كالىلارنىڭ ئۆت خالتىسى، ئۆت كانىلى ۋە ئۆت يوللىرىدا ئۇچرايدىغان تاش بولۇپ، كۆپىنچە تۇخۇمسىمان، شارسىمان، ئۈچ بۇرجەك ياكى چاسا شەكىللەردە بولىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى نەيچىسىمان ياكى دانچىسىمان بولىدۇ. سىرتى سېرىق ياكى خورما رەڭ سېرىق بولۇپ، كەسمە يۈزىدە قەۋەت - قەۋەت سىزىقلىرى بولىدۇ. پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى دەسلەپتە سەل قىرتاق، كېيىنچە تاتلىق تۇيۇلىدۇ. تىل ئۈستىگە قويۇۋالسا سالقىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. تەييارلاشتا ئۆت تېشى كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان كالىلارنى سويغاندا، ئۇنىڭدىكى ئۆت تاشلىرىنى ئۈۋۈلۈپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا چىقىرىۋېلىپ، پاختىغا مەھكەم ئوراپ، پوستى بىر ئاز قېتىشقىچە سايىدا قۇرۇتۇپ، ئاندىن يىپ بىلەن باغلاپ سايىغا ئېسىپ قۇرۇتۇلىدۇ. تەمى تاتلىقراق

قىرتاق، تەبىئىتى سوغۇققا مايىل، ئازراق زەھەرلىك، ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، يۈرەكنى كۈچەيتىش، يوللارنى ئېچىش، چۆچۈشنى بېسىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، قىزىتمىنى كېسىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

ستالاكتىت: بۇ تەركىبىدە كالتسىي كاربونات تۇتقان بىر خىل تاش پارچىلىرى بولۇپ، سەل تۈۋرۈك شەكلىنى ئالىدۇ. دىيامېترى تەخمىنەن ئىككى-بەش سانتىمېتىر، ئۈستى يۈزى ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى سارغۇچ خورما رەڭ، كەسمە يۈزىنىڭ مەركىزىدە بىر يۇملاق تۆشۈكى بولىدۇ. ۋەزنى ئېغىر، ئۆزى قاتتىق بولۇپ، ئاساسەن ھاك تاشلىق تاغ رايونلىرىنىڭ غارلىرىدىن تېپىلىدۇ. يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا يىغىۋېلىنىپ، ئوچاقتا قىزارغىچە كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاستا سوۋۇتۇلۇپ، چوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز، ئۆپكىگە قۇۋۋەت بېرىدۇ، سۈتنى ماڭدۇرىدۇ، زەردە قايناشنى باسىدۇ.

ماگنىت تېشى: بىر خىل ماگنىتلىق رەتسىز كاللەكسىمان ئېغىر، قاتتىق، تۆمۈر رەڭلىك مەدەن بولۇپ، تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتالايدۇ. ماگنىتلىق تاغ جىنسلىرى ۋە سۈپىتى ئۆزگەرگەن (مېتامورفىك) تاغ جىنسلىرى ئارىسىدا بولىدۇ. ئىلى، ئالتاي، قومۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ. يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا قېزىۋېلىپ، بۇنىڭدىكى ئۆلۈك ماگنىت ۋە كېرەكسىز نەرسىلەر چىقىرىۋېتىلىدۇ. ماگنىت تېشىنى كۆيدۈرۈش: ماگنىت تېشىنى تۇتۇنسىز، چوغ ئوتقا قويۇپ. قىپقىزىل چوغ بولغىچە قىزدۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىقسۇغا بىرئاز چىلاپ قويۇپ، يەنە كۆيدۈرۈپ، يەنە بىر رەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن، سوقۇپ يىرىك تالقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر بەش كىلوگرام ماگنىت تېشى ئۈچۈن بىر يېرىم كىلوگرام ئاچچىقسۇ كېتىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز، بىمارنى تىنچلاندۇرىدۇ ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ.

يالتىراق تاش: چىرىمتال دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالتاي، تەڭرىتاغ ۋە كوئېنلۈن تاغلىرىدىن چىقىدۇ. قېزىۋېلىنغان چىرىمتالنىڭ لاي ۋە باشقا تاشلىرىنى تازىلىۋېتىپ، سوقۇپ ساپال قاچىغا سېلىپ، چوغلانغان ئوچاققا قويۇپ، قىزىپ قىپقىزىل بولغاندىن كېيىن ئېلىپ سوۋۇتۇلسا، پىشقان چىرىمتال بولىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەم سىقىشنى پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ، يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

مەرمەر تېشى: بىر خىل يالان ئىزى سىزىقلىق رەتسىز كاللەك ماددا بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ كۈل رەڭ ياكى سارغۇچ يېشىل، يۈزى غۇدۇر بولۇپ، نۇر ئاستىدا يۇلتۇزدەك پارقىرايدۇ. ۋەزنى ئېغىر ۋە قاتتىق بولىدۇ. كورلا شەھرىنىڭ باشئەگىم دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ. ساپ مەرمەر تېشى ئوچاققا سېلىپ، قىزدۇرۇپ كەتكىچە قىزىتىۋېلىپ سوۋۇتۇلۇپ ئۇۋۇتۇلىدۇ. تەمى چۈچۈك، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، ئۇيۇغان قانلارنى تارقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

تاشقا ئايلانغان ھايۋان سۆڭىكى: بۇ، ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكى بولۇپ، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە قېزىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ توپىدىن چىققاندىن كېيىن شامالداش بىلەن ئاسان ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، قېلىن قەغەز بىلەن مەھكەم ئوراپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭ گۈللۈك سىرىقلىرى بار قىسمىنى تاللىۋېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، يانجىپ ئۇۋۇتۇلسا، بۇ خام ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ. خام ھايۋانات سۆڭىكىنى چوغدا قىزارتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن يانجىپ ئۇۋۇتۇلسا، پىشقان ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ. تەمى تاتلىق، تىلنى قورۇيدۇ. تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. تەرنى يوقىتىپ سىرتقا ئىشلىتىلسە گۆشنى ئۆستۈرۈپ، يارا ئېغىزىنى قورۇيدۇ. قورۇغۇچى، تۇتۇپ تۇرغۇچى سۈپىتىدە پىششىق ھايۋانات سۆڭىكى ئىشلىتىلىدۇ.

كىلېمىل تېشى: بۇ، تەركىبىدە سىنىك كاربونات تۇتقان، شەكلى يۇملاق ياكى ياپىلاق، ئاق رەڭلىك، يۈزى ئېگىز-پەس، سالمىقى يېنىك، ئۇۋۇلغاق ۋە چۆرۈك بولغان ھەر خىل پارچىلاردىن ئىبارەت تەبىئىي مەدەن. بۇنىڭ سۇنۇق يۈزى سۇس خورما رەڭ ياكى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولىدۇ، ئاساسەن قىزىلسۇدىن چىقىدۇ. يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە يىغىۋېلىنىپ، يات نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىپ، كۈچلۈك ئوتتا ئىككى سائەتچە كۆيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن سۇغا چىلاپ قۇچۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دۇغلۇق ئېرىتمە باشقا بىر قاچىغا تۆكۈپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ قالدۇقى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، يەنە ئۈچ، تۆت قېتىم كۆيدۈرۈلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە دۇغلۇق

www.uyghurkitap.com



ئېرىتمىلەرنى قوشۇپ تىندۇرۇپ، سۈزۈش ئارقىلىق بۇنىڭ يۇمشاق ئۇنى چىقىرىۋېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ. تەمى تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

ھېقىق: بۇ ھەر خىل چوڭلۇقتا بولىدىغان، ئاچ قىزىل، قىزىل سېرىق، توق قىزىل ھەم بۇلۇتسىمان سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك، ئۈستى سىلىق، خۇددى شامدەك پارقىراپ تۇرىدىغان قاتتىق جۇرۇك مەدەن. ئۇ يېلىملىق سۇيۇقلۇقلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ يېرىقلىرىدا ياكى غارلارغا قاپلىنىپ قالىدۇ. تولىراق خوتەندىن چىقىدۇ. يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىپ، يات نەرسىلەردىن تازىلاپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى سوغۇق، ئىسسىقنى ياندۇرىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. كۆزگە ئاق چۈشۈپ، قىزىرىپ ئىششىپ قالغاندا، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھېقىقنى ئۇنىدەك سوقۇپ، كۆزگە ئازراق سۈركۈلىدۇ. يەنە بۆرەكنى كۈچەيتىش، خەقەقاننى يوقىتىش، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**10. «تاش» سۆزى بىلەن بىرىككەن يەر - جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسملىرى**

«تاش» سۆزى بىلەن بىرىككەن يەر - جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسملىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

1) «تاش» سۆزى بىلەن بىرىككەن يەر - جايلاردىن ئاقتاش، قىرتاش، سومتاش يېزىسى، تاشساي، تاشتۆپە، تاشمىلىق، تاشپەلەمپەي، تاشكۆۋرۈك، تاشقورغان، تاشدەڭ، قاراتاش، قۇزۇقتاش، كىندىك تاش، تايغاق تاش، ئاقتاش، قىساڭ تاش، ئۆڭكۈر تاش، توپتاش، مارالتاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. يەر - جايلارغا ئىسىم قويۇش ئادىتىدە خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئاساسەن تارىخىي ۋەقەلەر نامى، يۇرت نامى، كىشى ئىسمى ۋە لەقىمى، تۇرلۇك كەسىپ نامى، ھايۋان ۋە قۇشلار نامى، دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك نامى، جۇغراپىيەلىك ئورۇن نامى، كۆنلەرنىڭ نامى، رەڭ ئاتالمىلىرى قاتارلىقلاردىن ياسالغانلىقى مەلۇم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاش سۆزى بىلەن بىرىككەن يەر - جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ خەلقىمىزنىڭ يەر - جايلارغا ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە تاشقا مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا كېرەك دەپ؛ مۆلچەرلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

2) «تاش» سۆزى بىلەن بىرىككەن كىشى ئىسملىرىدىن تاشپولات، تاشئاخۇن، تاشمۇھەممەد، تاشقىز، تاشگۈل، تاشبۇۋى، تاشخان، تاشئاي، تاشتۆمۈر، تاشنىسا، تاشنىياز قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. تاش سۆزى بىلەن بىرىككەن كىشى ئىسملىرىنىڭ كىشى ئىسملىرىدا ئۇچرىشىنى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېڭىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش تەبىئىي ھادىسىلەر، تەبىئىي جىسىملار ۋە تەبىئىي كۈچلەرنى مەلۇم خىل سىرلىق كۈچ ۋە سىرلىق شەيئى دەپ قارايدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەم ئورتاق ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئەڭ بالدۇر، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق. ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم، ئۇ ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە بولغان چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي يەنە تاغ - تاش، دەريا - كۆل، گۈل - گىياھلار، دەل - دەرەخلەر، ئوت، تۈرلۈك ھايۋانلار ھەم قۇشلارغا بولغان چوقۇنۇش قاتارلىق ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) تاشقا ئالاقىدار ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرى

باللارنىڭ تاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن تاش تەرمەك ئويۇنى، تاش ئوشۇق ئويۇنى، تاش دومىلىتىش ئويۇنى، ئاقتاش، كۆكتاش ئويۇنى، يارغۇنچاق ئويۇنى، تۆگمەن ياساش ئويۇنى، لېپەك تاش ئويۇنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) تاش تەرمەك ئويۇنى: بۇ «بەش تاش ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىزلارنىڭ كىچىك ھەم يۇمىلاق بەش تال تاش بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنى بولۇپ، ئويۇنلىشى بىرلەپ، ئىككىلەپ، ئۈچلەپ، دوپ، ئەبى، قول قايرىش دېگەن باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەش تال تاشنىڭ بىرى سەل چوڭراق تاللىنىدۇ، بۇ «ھۆپۈلەك تاش» يەنى «ئانا تاش»، قالغان تۆتى «بالا تاش» دەپ ئاتىلىدۇ. تاش تەرمەك ئويۇنى ئادەتتە «چاكۇم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن



2018.1

بالىلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەتىياز، ياز ۋە كۈز كۈنلىرى پاكىز تازىلانغان سەينالاردا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننى ئىككى قىز ئۆزئارا ئوينىسىمۇ ياكى قىزلار تۆت، بەشتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ. «تاش تەرمەك» ئويۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بىرلەپ، ئىككىلەپ، ئۈچلەپ، دوپ، ئەبى، قول قايرىش دېگەنگە ئوخشاش ئالتە باسقۇچ بويىچە ئوينىلىدۇ. بەش باسقۇچقىچە ھەر بىر باسقۇچ ئۈچۈن توقۇلغان قوشاقلار ئوقۇلىدۇ. ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئوقۇلىدىغان قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى رەڭدار، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بالىلارنىڭ زېھنىي بولۇقنى ئېچىپ، نۇتۇقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ جاسارەتلىك، سەۋرچان، ئۈمىدۋار، تەرتىپلىك بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. سۆز بىلەن ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇشقا ۋە قوشاق توقۇشقا يېتەكلەيدۇ. كۆز، قول ۋە ئېغىز قاتارلىق ئەزالارنىڭ ماس ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆسمۈر قىزلارنى كىچىكىدىن باشلاپ چاققان، چەبدەس ۋە زېرەك قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.

2) تاش ئوشۇق ئويۇنى: ئۆششاق يۇمىلاق تاشلارنى ئوشۇق ئورنىدا تۆت چاسا سىزىلغان دائىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تىزىپ، تۆت چاسا سىزىلغان دائىرىدىن بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا يىراقلاپ تۇرۇپ، تاشتىن ياپىلاقلاپ سىلىغىتىپ ياسالغان تاش ساقا بىلەن چېنەپ ئۇرۇپ، سىزىلغان تۆت چاسا سىزىقتىن چىقىرىپ ئوينايدىغان ئويۇن تۈرىدىن ئىبارەت.

3) تاش ساقا: شەكلى چوڭ ئوشۇققا ئوخشاش قىلىنىپ، تاشتىن چوقۇش، يونۇش يولى ئارقىلىق ياسىلىدىغان ساقىدىن ئىبارەت. تاش ساقا بالىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئوشۇق ئويۇنلىرىنىڭ كۆرۈك ئويناش تۈرىدە تىزىلغان ئوشۇقلارنى ئۇرۇپ سىزىقتىن چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

4) تاش دومىلىتىش ئويۇنى: قوي بېقىش ئويۇنى ۋە پادىچى ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئاساسەن قومۇلنىڭ ئاراتۈرك، باركۆل ناھىيەسىدىكى تاغلىق رايونلارغا ماكانلاشقان. بالىلار ئارىسىدا كۆپرەك ئوينىلىدۇ. مەلۇمكى چارۋىچىلىق قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. شۇڭا چارۋا ماللارنى بېقىش، يېتىلدۈرۈش، كۆپەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان، مەخسۇس ئاتالغۇلارنى قوللانغان، قورال - سايمانلارنى ياسىغان. چارۋا ماللارنى بىپايان يايلاقلاردا ئايرىم - ئايرىم ياكى ئارىلاشتۇرۇپ بېقىش شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا چارۋا ماللارغا بەلگە سېلىش، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقالغان چارۋا ماللارنى شۇ بەلگىلەر ئاساسىدا ئىزدەپ تېپىشنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەندىزىلىرىنى ياراتقان. ئەتىگەن - ئاخشاملىرى، تەتىل كۈنلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ۋە مال چارۋا بېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بالىلار ئارىسىدا «تاش دومىلىتىش» ئويۇننى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئويۇن ياز، كۈز كۈنلىرى تاغ - دەريا بويلىرىدا، يايلاق ۋە سايلىق - قاپتاللاردا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. بالىلار پادا باقىلى چىققاندا، ئوت - چۆپ ئىزدەپ يىراقلاپ كەتكەن ماللارنى توسۇپ كېلىشكە نۆۋەت بىلەن بارىدۇ. نۆۋەتنىڭ ئالگىرى - كېيىنلىكىنى بەلگىلەش مەقسىتىدە «تاش دومىلىتىش» ئويۇننى ۋاستە قىلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن بىردىن دۈگىلەك تاش تېپىپ كېلىپ، شۇ ئەتراپتىكى تۆپىلىك ياكى ئېگىزلىككە چىقىپ ئۆز تاشلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا نۆۋەتگە قارىتىپ دومىلىتىدۇ. قايسى بالا دومىلاتقان تاش ئەڭ كېيىن قالسا، شۇ بالا ئوت - چۆپ قوغلاپ يىراقلاپ كەتكەن ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ كۈنلۈك پادا بېقىشتا ماللارنى قانچە نۆۋەت توسۇشقا توغرا كەلسە، شۇنچە قېتىم تاش دومىلىتىپ، چارۋا ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلارنى ئايرىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، مۇھىم تەبىئەت جىسىملىرى بولغان تاشنى ۋە شۇ نۆۋەت لازىم بولىدىغان تاشنىڭ شەكلىنى بىلىش، شۇ ئارقىلىق تاشنى چۈشىنىشنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

5) ئاقتاش، كۆكتاش ئويۇنى: بۇ بالىلار تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە قاردىن يومزەك ياساپ، ئۆزئارا ئېتىپ ئويناشقا باب كېلىدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بالىلارنى سوغۇق ھاۋادا چېنىقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئويۇننى ئوغۇل بالىلار ئادەتتە قىش پەسلىنىڭ قار ياققان كۈنلىرىدە كەڭ دالا - ئېتىزلاردا ۋە ئازادە مەيدانلاردا ئوينايدۇ. ئويۇن

رەسمىي باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۈچ، تۆت بالا بىر يەرگە توپلىشىپ، «ئاقتاش، كۆكتاش، دەريادىكى سۈزۈك تاش، بوينۇڭدىكى ئۈنچە تاش، ئويناي‌دىغان بالا بارمۇ، مۆرەيدىغان كالا بارمۇ، ئاقتاش، كۆكتاش، دەريادىكى سۈزۈك تاش. ماڭا كېرەك كۆپ ئاداش. ئويناي‌دىغان بالا بارمۇ؟ مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟» دېگەن قوشاقلارنى مەھەللە ئايلىنىپ ئېيتىش ئارقىلىق، ئويۇنغا مەيلى بار بالىلارنى قارلىق مەيدانغا جەلپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىغىلغان بالىلار «ئاق تاش، كۆك تاش»نىڭ قوشاقلىرىنى پۇختا بىلىۋېلىش ئاساسىدا شۇ كۈنى ئۆزلىرى ئويناشنى خالىغان تارماق ئويۇنلاردىن «توشقان قوغلىشىش»، قاردا پومزەك ياساپ، ئىككى تەرەپ بولۇپ، «سوقۇشۇش»، «قار بوۋاي» ياساش، قار ئۈستىدە چېلىشىش، قارغا خەت يېزىش قاتارلىقلارنى ئوينايدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلار كىچىكىدىنلا ناخشا ـ قوشاق ئېيتىش، تەبىئەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش، قىشنىڭ خاسىيەتلىك قار ئاتا قىلغان ساپ هاۋاسىدىن هۇزۇرلىنىش، سوغۇقتا چېنىقىش، ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

6) يارغۇنچاق ئويۇنى: بۇ ئويۇن بارغانسېرى يېڭىدىن ـ يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ مۇكەممەللىشىپ، قىممەتلىك مەدەنىي مىراس سۈپىتىدە بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ يارغۇنچاق ۋە تۇگمەندىن ئىبارەت هۈنەر ـ سەنئىتى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئېڭىغا ئەجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، «يارغۇنچاق» ئويۇنىنى ئىجاد قىلىشقا تۈرتكە بولغان. بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، بۇ ئەهمىيەتلىك ئويۇننى ئويناش، ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئويۇنچۇقلارنى ياساش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالغان. بۇ ئويۇن هەرقايسى يەسلىلەردە قىز ـ ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ، ئازادە، خالىي ئورۇن بولسىلا كۇپايە. ئويۇن باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئوغۇللار ئۆزلىرى خالاپ ئىككى ـ ئىككىدىن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يارغۇنچاق ياسايدۇ. قىزلار تۆت ـ بەشتىن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئۇگۈت ئېتىدۇ. «يارغۇنچاق» ياساش ئۇسۇلى: ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ساپال قاچا ياكى تەشتەكنىڭ بىر جۈپ تەگلىكى تاش ياكى تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن يونۇلۇپ ياپسا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ بىر جۈپ دۈگىلەكنىڭ بىرى ئاستى تاش، يەنە بىرى ئۈستى تاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاستى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قەلەم قاپچۇقىنىڭ ئېغىزى چوڭلۇقىدا پۈتەي تۆشۈك ئېچىلىپ، بۇ تۆشۈككە چىڭقىلىپ چۈشكىدەك تومۇلۇقتا سەككىز، ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقچە قېقىلىدۇ. بۇ «ئوق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بايىقى «ئوق» بىمالال ئايلانغۇدەك ئۆتتۈشمە تۆشۈك، گىرۋىكىگە يېقىن قىسمىدىن پۈتەي تۆشۈك ئېچىلىپ، پۈتەي تۆشۈككە چىڭقىلىپ چۈشكۈدەك تۇتقۇچ قېقىلىدۇ. يارغۇنچاق پۈتكەندىن كېيىن، قىزلار ئالدىن تەييارلىۋالغان «ئۇگۈت»لىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ، يارغۇنچاق ياسىغان ئىككى ئوغۇل بالىغا بېرىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ «يارما» تارتىلغىچە قاراپ تۇرۇشىدۇ. بەزىدە يارما تارتىشقا ياردەملىشىدۇ. يارغۇنچاق ياسىغان ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرى ئاستى، ئۈستى تاشلارنى جۈپلەپ، ئۈستى تاشنى تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ ئوڭدىن سولغا ئايلاندۇرىدۇ. يەنە بىرى «ئۇگۈت»نى چاڭگاللاپ ئېلىپ يارغۇنچاقنىڭ بوغۇزىغا ئاز ـ ئازدىن سالىدۇ. ئاستى، ئۈستى تاشنىڭ ئېزىشى بىلەن ئۇگۈت يارما بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئويۇن ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئويۇننىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى چوڭلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۈگمەن يارغۇنچاقتا يارما تارتىش باسقۇچلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئادەتتە ئويۇن ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئويۇن كۆرسەتكۈچى ئىككى ئوغۇل بىلەن ئويۇن كۆرگۈچى قىزلار ئوغۇللار بىلەن ئالمىشىپمۇ تۇرىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنى ئەنئەنىۋى قول هۈنەر ـ سەنئىتى تاشتاراشلىق ۋە ئىپتىدائىي تۈگمەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ هۈنەر ـ كەسىپكە بولغان ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

7) تۈگمەن ياساش ئويۇنى: بۇ ئويۇننىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ھەم مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئېرىق چېپىش، نور، چاقپەلەك ۋە تۈگمەن تېشى ياساش، تۈگمەننى قۇراشتۇرۇپ سۇ باشلاش دېگەندەك باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بالىلار ئۆيلىرىدىن پىچاق ياكى كەكە ئېلىپ چىقىپ ئالدى بىلەن 15 ـ 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتە «تۈگمەن ئېرىقى»نى چاپىدۇ. تەكشىلىكتىن چوڭقۇرراق بىر ئورۇنغا كويلا قېزىپ، «ئېرىق»نى كويلىغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئالدىن سۆگەت ياكى تېرەك قوۋزىقىدىن ياسالغان

نۇر، تاۋاقنىڭ دۈگىلىكىدىن تەييارلانغان تۈگمەن تېشىنى ئۆز جايىغا ئورنىتىپ، چاقپەلەك ياسايدۇ. ئاخىرىدا «ئېرىق» بىلەن كويلا ئارىلىقىغا نورنى، كويلىنىڭ ئۈستىگە چاقپەلەكنى ئورنىتىپ، «ئېرىق»قا سۇ باشلايدۇ. نەتىجىدە تۆۋەنگە قارىتىپ بېكىتىلگەن نوردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ چاقپەلەك قانىتىغا ئۇرۇلۇپ ئۇنى چۆرگىلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىقلارنى ئۇن قىلىپ يېيىشتە ئىشلەتكەن ئەنئەنىۋى سۇ تۈگمىنىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ، بالىلار تۈگمەن ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇنى ئەكىلىش ئۈچۈن قازغان «ئېرىق»نىڭ ياقىسىنى مۇستەھكەملەشنى ھەمدە كۆچەت تىكىشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ، بالىلارنى كىچىكىدىنلا تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئىگىلەش، تەبىئەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇش، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق قاتارلىق ئاشلىق دانلىرىنىڭ پىششىقلىنىپ ئىشلىنىش جەريانى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش، ئەنئەنىۋى مىراسلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

8) لېپەك تاش ئويۇنى: ئادەتتە تاش ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ روشەن پەسىل خاراكتېرلىك ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوغۇللار تەرىپىدىن قىش پەسلىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى مەھەللە - كوچىلاردىكى تەكشى، پاكىز ئورۇنلاردا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇنغا ئىشلىتىلىدىغان لېپەك تاش شەكلى، رەڭگى ۋە چىدامچانلىقى قاتارلىقلارغا قاراپ تاللىنىدۇ. لېپەك تاش تاغ لېپىكى ۋە ساي لېپىكى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. تاغ لېپىكى ئۇزاق مۇددەت سۇ كۆرمىگەچكە، بىرئاز چىدامسىز كېلىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئوينىغاندىن كېيىن پۇچۇلۇپ كېتىدۇ ياكى سۇنۇپ پۇچۇق بولۇپ قالىدۇ. ساي لېپىكى ھەمىشە سۇدا تۇرغاچقا، ئۇرۇپ - سوقۇلۇشقا چىداملىق كېلىدۇ. ئوينالغانسېرى سىيلىقلىشىپ كېتىدۇ. بالىلار بوش ۋاقىتلىرىدا تاغ ۋە ساي - سالالارغا بېرىپ ئۆزلىرى قىزىقىدىغان رەڭ، شەكىل بويىچە لېپەك تاشلارنى ئىزدەيدۇ. ھەر قېتىم لېپەك تاش ئىزدەشكە چىققاندا بىرقانچە لېپەك تاشنى بىراقلا ئېلىپ كېلىپ، ئۆگزە ۋە تاملارنىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورۇنلىرىغا تىقىپ قويىدۇ. «لېپەك تاش» ئويۇنى ئوينىغاندا، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان تاشلارنى بىر - ئىككىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. لېپەك تاشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بالىلارنىڭ ياش قۇرامى ۋە بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا مۇناسىپ تاللىنىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچى بالىلار ئىككى «ئانا»نىڭ رەمبۇت (ئويۇن باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بالىلارنى بىر سەن، بىر مەن قىلىپ تاللاپ گۇرۇپپىغا ئايرىش ئۇسۇلى) ئېلىشى بىلەن سان جەھەتتىن تەڭپۇڭ، كۈچ جەھەتتىن ئومۇمەن باراۋەر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئاز بولغاندا ئۈچتىن، كۆپ بولغاندا ئالتە يەتتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسە، خۇلاسە چىقىرىشقا دەخلى يېتىدۇ. «لېپەك تاش» ئويۇنى بىر قانچە باسقۇچ ۋە بەلگىلىك تەرتىپلەر بويىچە ئوينىلىدۇ. ئويۇن جەريانى قىزىقارلىق ۋە ئىجادىي ئېلېمېنتلارغا تويۇنغان رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلار دەسلەپكى قەدەمدە قارىغا ئېتىشنىڭ ساۋاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سورۇن كۆرۈپ قائىدە - يوسۇن بىلەن ئىش قىلىش تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىدۇ. دوستلار ئارا ياردەمدە بولۇش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە، تاش تونۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ.

9) تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى: بۇ ئويۇننىڭ «قوچقار سوقۇشتۇرۇش»، «تاش سوقۇشتۇرۇش» ۋە «سوقا تاش» ئويۇنى دېگەن ناملىرىمۇ بار. «تاش قوشقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنىنىڭ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا شەكىللىنىش ۋە تارقىلىپ داۋاملىشىش تارىخى خېلىلا ئۇزاق. «تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى رەسمىي باشلىنىشتىن بۇرۇن، بالىلار ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاۋۋال «ئۇرغۇچى» بولۇش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. ئاندىن بىر تەرەپ «قوچقار»نى تۈز يەرگە توختىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپ ئۆز «قوچقار»نى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. تەلەپ شۇكى، ھەر ئىككى بالا نۆۋەت بىلەن ئاتلىماسلىقى، ئۆرە تۇرۇپ «قوچقار»نى مۇۋاپىق ئېگىزلىكتىن يەردە ياتقان «قوچقار» ئۈستىگىلا تاشلىشى، «قوچقار»نى ئەتراپتا ئويۇن كۆرۈۋاتقان بالىلارغا تەگكۈزۈۋەتمەسلىكى، مۇداپىئەدە تۇرىدىغان «قوچقار»نى ئۆز جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە بازىرى مويۇنگۇزەر باشلانغۇچ مەكتەپتە)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ساتىراشلىق توغرىسىدا

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

ساتىراشلىق ــ خەلقىمىز ئارىسىغا ئومۇملاشقىلى ئۇزاق بولغان، تۇرمۇشقا ئىنتايىن يېقىن بولغان، خەلق ياقتۇرىدىغان ۋە بەك ئېھتىياجلىق بولىدىغان مۇھىم ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى.

خەلقىمىز ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ شەھەرلەشكەندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ساتىراشلىق رىسالىسىدە، سالمانپاك دېگەن كىشى ساتىراشلارغا پېشىۋا-ئۇستاز بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ كەسىپنى داۋام قىلىپ زامانىمىزغا ئەكەلگەن دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار چاچ-ساقالنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزۈشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «ساتىراش»، ساتىراشلار قىلىدىغان ئىش، كەسىپ، ھۈنەرنى «ساتىراشلىق»، ساتىراشلار چاچ-ساقالنى ئېلىش، تۈزۈشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆز ياكى دۇكاننى «ساتىراشخانا» دەپ ئاتايدۇ.

ساتىراشلار تۆۋەندىكىدەك سايمان-جابدۇقلار بىلەن ساتىراشلىق ھۈنىرىنى قىلغاندى.

ئۇستىرا: ئۇستىرا چاچ-ساقالنى قىرىپ ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر پولات تىغلىق ئەسۋاب. ئۇستىرا 11-ئەسىردە «يۈلگۈ» ياكى «كەراي» دېيىلەتتى.

ئۇستىرا نازۇك ئەسۋاب بولۇپ، ئۇ ياغاچ ساپ ۋە تىغدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە تۆمۈرچىلەر 50 گرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈرنى ئوتتا قىزدۇرۇپ، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر قىلىپ، تىغ گاڭپولات تەرىپىدىن نېپىز، قارشى تەرىپىنى سەل تومراق قىلىپ سوقىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك بىرىكمە پولاتتىن گاڭ باغلاپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ، سۇ ياكى مايغا سېلىپ سۇغىرىدۇ. ئاندىن يەنە ئوتتا قىزدۇرۇپ ھاۋادا سوۋۇتىدۇ، ساپ بېكىتىدىغان يېرىگە بىر سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، يېرىم سانتىمېتىر كەڭلىكتە قويرۇق چىقىرىپ، ئاخىرىسىغا مىخ ئۆتىدەك كۆز ئېچىپ قويىدۇ. ئاندىن چىلان ياغىچى ياكى باشقا سىلىقراق ياغاچتىن سىنچىلاق قولدەك چوڭلۇقتا، ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ساپ ياساپ تىغقا ئورنىتىدۇ. تىغنىڭ يېپىلىدىغان ئىچ تەرىپىگە ئويدۇلاپ، ساپتىن ئېرىقچە چىقىرىپ قويىدۇ. تىغ ھەرىكەتچان ھالەتتە بولۇپ، ساتىراش ئۇستىلار ئىشلەتمىگەندە يىپىپ قويىدۇ، ئۇستىرىغا بىلەي، كاپلىغۇچ بولسىلا، چاچ-ساقال چۈشۈرۈش ۋە ياساش ئىشلىرى يۈرۈشۈۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇستىرا مەينەت ياكى ھۆل پېتى قالسا كەسمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ساتىراشلار ئۇستىرىنىڭ پاكىزلىقى ۋە ھۆل بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئادەتتە ئۇستىرىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز سۈرتۈپ، كۆن-خۇرۇمدىن تۇمار شەكلىدە تىكىلگەن غىلاپتا ساقلايدۇ، بەزى يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىمۇ ئۇستىرا بار ئىدى، بۇ ئۇستىرا بىلەن بىر-بىرىنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ قوياتتى.

سۇ قاپىقى: ساتىراشلار ئۆيدىن ياكى باشقا يەرلەردىكى بۇلاق، ئۆستەڭ، دەريا، كۆل، قۇدۇقلاردىن، سۇ تولدۇرۇپ ئەكىلىپ (يۇدۇپ)، خېرىدارلارنىڭ چاچ-

ساقىلنى چۈشۈرۈش ياكى ياساشتىن بۇرۇن چاچ- ساقالنى
نەمدەيدىغان سۇنى ساقلاشتا بۇ خىل قاپاق 1- ئورۇندا
تۇرۇپ كەلگەن ۋە بىر قانچە مىڭ يىللار شۇنداق رول
ئوينىغان.

سەپكۈچ: بۇ يېقىنقى زامانلاردا بارلىققا كەلگەن، ساتىر-
اشلار ساقال يۇمشىتىدىغان سۇنى ئۈششاق تامچە قىلىپ
چاچرىتىپ چۈشۈرۈپ بېرىدىغان تورسىمان جوغىسى بار
ئاپتۇۋا شەكلىدىكى قاچىدىن ئىبارەت.

كاپلىغۇچ: كاپلىغۇچ ئۇستىرىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن
كاپلاشقا ئىشلىتىدىغان كۆن ياكى قېلىن رەختتىن ئۇزۇنلۇ-
قى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز- ئون سانتىمې-
تىر قىلىپ ياسالغان ساتىراشلىق سايمىنى، ساتىراشلار چاچ
- ساقال چۈشۈرۈش جەريانىدا ئۇستىرىسىنى بىر قانچە
قېتىم كاپلىغۇچتا كاپلايتتى.

بويۇنلۇق: بۇ ساتىراشلىقتا چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىش-
لىك بۇيۇم بولۇپ، ئادەتتە يېنىك رەختتىن تىكىلىدۇ. بو-
يۇنلۇق ئىلگىرىكى زامانلاردا ماتادىن تىكىلەتتى، ئۇ چاچ
ئالغان ياكى ياسىغان ۋاقىتتا خېرىدارلارنىڭ كىيىم- كېچەك-
لىرىگە چاچ ئۇۋىندىلىرىنىڭ يۇقۇۋېلىشىدىن ساقلايتتى.

ئورۇندۇق: بۇ ياغاچتىن ياسالغان ئادەتتىكى ئورۇن-
دۇق بولۇپ، خېرىدارلارنى شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇ-
زۇپ ئاندىن ھۈنىرىنى قىلاتتى.

تارغاق: بۇ چاچ- ساقالنى تاراش ئۈچۈن ياغاچ،
ئۇستىخان ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن ياسالغان بۇيۇم.
ساتىراشلار تارغاقنى خېرىدارلارنىڭ چېچىنى تاراش، ئاي-
رىشتا ھەم چاچ كېسىش، چاچنى تۇرتۇپ ئېلىشتا ماسلاش-
تۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

لۆڭگە: لۆڭگە ساتىراشلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان،
دائىم ئىشلىتىلىدىغان زۆرۈر بۇيۇم، ئىلگىرىكى زامانلاردا
ئۇيغۇر ساتىراشلار مۇۋاپىق ماتا رەختنى لۆڭگە ئورنىدا
ئىشلىتەتتى. دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ سۇ سۈ-
مۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ھەر خىل لۆڭگىلەرنى
تاللاپ ئىشلىتىدىغان بولۇشتى.

قايچا: قايچا بولسا چاچ- ساقالنى مۇۋاپىق پەسلىتىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

ئادەتتە ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياش ئەرلەر ئاسا-
سەن چاچ، ساقال- بۇرۇتلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم پاكىز
ياسىتىدۇ. ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم كىشىلەر چاچ-
لىرىنى تولۇق ئالدۇرۇپ، قويغان ساقال- بۇرۇتلىرىنى
تەكشىلەپ ياسىتىدۇ. ساقال ئادەتتە پېشقەدەملىك، ھۆر-
مەتكە سازاۋەرلىك، ئۆزىنى ھەققىي توختاتقانلىقنىڭ بەل-
گىسى، چوڭ زىننەت سۈپىتىدە تونۇلىدۇ.

ساتىراشلىق رىسالىسىدە، جەمئىي 41 ماددا كەسىپ قا-
ئىدىسى سۆزلەنگەن بولۇپ، ساتىراشلارنىڭ مۇلازىمەت
ئەخلاقى، كەسىپ قائىدىسى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

(1) خېرىدار شاھ مەيلى گاداي بولسۇن ئوخشاش
ھۆرمەت قىلىش، ھەرىكەتتە سىپايە، مۇئامىلىدە ئىللىق
بولۇپ، چوڭلارنى ئورۇندۇققا يۆلەپ، باللارنى كۆتۈ-
رۈپ ئولتۇرغۇزۇش.

(2) ئىشنى ئوڭدىن باشلاپ، پەرتۇقنى ئوڭدىن سول
تەرەپكە تارتىش.

(3) چاچنى ئالدى بىلەن قۇرۇق ئۇۋۇلاپ، باش نېر-
ۋىلىرىنى ئويغىتىش، ئاندىن چاچنى ھۆل قىلىپ
ئۇۋۇلاش.

(4) ئۇستىرا، پەرتۇقلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت
بېرىش، تاز ۋە يارا چىققان باشلارنىڭ ئۇستىرىسىنى
ئايرىم قىلىش، چاچ ئېلىپ بولۇش بىلەن بۇ ئۇستىرىنى
كۆكتاش زەمچە سۇيىدە دېزىنفېكسىيە قىلىش، لۆڭگە،
پەرتۇقنى قايناق سۇغا بېسىش، كاسىپ ئۆز قولىنى سوپۇن
ۋە كۆكتاش سۇيى بىلەن يۇيۇش.

(5) ئۇستىرىنى باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن تۆۋەن
(چاچنىڭ ياتقان تەرىپى)گە قارىتىپ سىلىش، چاچ، ساقال-
بۇرۇتلارنى قائىدە بويىچە ئېلىش، قۇلاق، بۇرۇن، مەڭ-
زىدىكى مويلارنى قالدۇرماسلىق.

(6) چاچ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باشنى سىيلىق
ئۇۋۇلاپ، باش بويۇننى سىلكىپ قاس چىقىرىپ، چېكە ۋە
قوشۇمنى چىمدىپ، ئانا تومۇرلارنى ئويغىتىش.

(7) ئىككى قول، تارغاق دۈمبىلەرنى ئۇۋىلاش،
ئۇششاق قوللاردىن قاس چىقىرىش ئارقىلىق بەدەننى
يەڭگىللىتىپ قويۇش ھەم چاچ ئالغۇچىغا ئەينەك كۆرسە-
تىپ، رازى بولغاندىن كېيىن پەرتۇقنى سول تەرەپتىن
سىيلىق ئېلىپ، خېرىدارنىڭ باش كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، يا-
قىلىرىنى تۈزەپ، ياشانغانلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بال-
لارنى ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە
قايتا كېلىشكە دەۋەت قىلىش.

كەسپىي ئەخلاقى بويىچە ئۆزىنى ھەمىشە پاكىز

تۇتۇش، سەممىي ۋە راستچىل بولۇش، دۇكاننى پاكىز تۇتۇش، چاچ ئېلىش ئەسۋابلىرىنى ئىنتىلىك تۇتۇش، كەلگەن خېرىدارلارغا ئوچۇق چىراي، مېھماندوست بولۇش، چاچ ئالدۇرغۇچىلارغا يامان كۆز بىلەن قارىماسلىق، ھەر ئىشقا قانائەت قىلىش، چاچ ئالدۇرغۇچى ئىش ھەققىنى كەم بېرىپ قالسىمۇ رازى بولۇش، باشنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇش، ئادەم بەدىنىدىن چۈشكەن چاچ-تۈكلەرنى پاكىز يىغىپ تۇپراققا كۆمۈۋېتىش قاتارلىق ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بەزى كېسەللەرنى داۋالايدىغان خەلق ئىچىدىكى تېۋىپلاردۇر. ئۇلار تومۇر تۇتۇش، ئۇۋۇلاش، چىمدىش، قان ئېلىش، ئۆسمىلەرنى خاراكتېرىگە قاراپ كېسىش (ئوپېراتسىيە قىلىش)، سۆگەل قاتارلىقلارنى ئات قىلى بىلەن بوغۇپ ياكى ئىسرىقدان كۆلى بىلەن كۆيدۈرۈپ چۈشۈرۈش، كۆيدۈرگىنى داغلاپ (كۆيدۈرۈپ) داۋالاش، ئەسۋە (ئىلغا) كېسىلىنى پىياز بىلەن سىركىنى سۈرتۈپ ياكى يىڭنە بىلەن ئىلىش ياكى تۇچ ياماق سۈرتۈپ قايتۇرۇش، چىش ئاغرىقىنى كۆيدۈرۈلگەن نۆشۈدۈر بىلەن جىگەر كاۋىپىنى چىشلىتىپ ئاغرىق پەسەيتىش، چىش ئاقارتىش، ھەر خىل چاتما، تەمرەتكە، تاز كېسەللىرى، باللاردا بولىدىغان سۇلۇق چاقىلارنى داۋالاش ھەمدە سۈننەت (خەتنە) قىلىش، چېچەك چېكىش قاتارلىق ئۇنۇۋېرسال داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ساتىراشلىق كەسپىگە قوشۇپ ئىشلىگەن.

ساتىراشلىق دۇكانلىرى يەنە خەلق ئارىسىدىكى داستان، قىسسە، ھېكايە-چۆچەكلەر ۋە قىزىقارلىق لەتىپە-چاقچاقلارنى ئېيتىدىغان، ھەر خىل يېڭى ئۇچۇرلارنى ئاڭلاشتۇرىدىغان مەيدان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن چاچ ئالدۇرمايدىغانلارمۇ ساتىراشخانىنىڭ دائىملىق چۆپقەتلىرى سۈپىتىدە دۇكانغا كېلىپ ئولتۇرۇش ئادىتى بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇزۇن چاچ، ئەرلەرنىڭ بەدىنىدىكى قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇزۇن چاچ قويغان ئەرلەردە بەدەن ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، قۇۋۋەت كەملىكىدىن بولغان يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەرلەر چېچىنى ئۇستىرا بىلەن پات-پات ئالدۇرۇپ تۇرسا، چاچنى ئالدۇرۇش جەريانىدا ئۇستىرا باش ئەسەبلىرىنى، ھەر خىل يەللەرنى غىدىقلاپ، قوزغاپ، سۇسلىشىپ قالغان ئەسەبلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنى چېچىنى پات-پات ئالدۇرۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايەت كەڭ تارقالغان:

بۇرۇنقى زاماندا ئەممەت ساتىراش بىلەن سەمەت قاسساپ يول بويىدا دۇكان ئېچىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنلەردە سەمەت قاسساپ سودىسىنىڭ ئارىسالدى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قوشنىسى ئەممەت ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ جاھان پاراڭلىرىغا چۈشۈپتۇ، سەمەت قاسساپ تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ، ئاخىرى گەپ ئۆزىنىڭ ئوغلىدا توختاپتۇ. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىنى ھەدەپ ماختاپتۇ. بۇ چاغدا ئەممەت ساتىراشمۇ بوش كەلمەي، ئۆزىنىڭمۇ سەمەت قاسساپنىڭ ئوغلى بىلەن تەڭتۇش ئوغلىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ شۇنداق كۈچلۈك، چاققان، زەبەردەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ماختاشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر مويسىپىت بوۋاي چىقىپ:

— سەمەتاخۇن، ئەممەتاخۇن، ھەر ئىككىلىرى ئۆز ئوغۇللىرىنى ماختىشىپ كېتىشلە، بىز ھېچ كۆرمىدۇق، قايسىلىرىنىڭ ئوغلى ھەقىقىي پالۋان، سىناپ باقمايلىمۇ؟ — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى ئايدىن كېيىن ئوغۇللىرىنى چېلىشتۇرۇپ سىناپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ ۋە ئۆيلىرىگە قايتىپ باللىرىنى ياخشى كۈتۈشكە كىرىشىپتۇ. سەمەت قاسساپ ئوغلىنى كۈنلۈكى گۆش بېرىپ بېقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بىر ئايدىن كېيىن تولۇمدەك سەمرىپ كېتىپتۇ، ئەممەت ساتىراش بولسا ئوغلىنى نورمال ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ. ئالاھىدە كۈچلۈك نەرسىلەرنى بەرمەپتۇ. لېكىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوغلىنىڭ چېچىنى ئېلىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەممەت ساتىراشنىڭ ئوغلىنىڭ چىرايىغا بارغانسېرى قان يۈگۈرۈپتۇ، بىلەك، پۇت-قوللىرىغا گۆش پەيدا بولۇپ، چىرايلىرى پارقىراپ، روھلۇق، جۇشقۇن، تېتىك بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار پۈتۈشكەن مۇسابىقە ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى مويسىپىت بوۋاينىڭ باشچىلىقىدا سورۇن تۈزۈلۈپ مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. چېلىشىش مەيدانىدا سەمەت قاسساپنىڭ تولۇمدەك سېمىز، قوتازدەك يوغان ئوغلى بىلەن ئەممەت ساتىراشنىڭ ئۆزى ۋىجىككىنە، بېشىدا تۈكى يوق تاقىر، ئالىقىنى

يوغان، پۈتى تۆگەتاپىنىغا ئوخشايدىغان بالىسى چېلىشىشنى باشلاپتۇ. ئىككى تەرەپ بىر هازاغىچە ئۇيان ئىتتىرىشىپ، بۇيان ئىتتىرىشىپتۇ. بىر چاغدا ئەمەت ساتىراشنىڭ ئوغلى سەمەت قاسساپنىڭ ئوغلىنى قامالالاپ كۆتۈرۈپ يېشىغا ئاپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ياڭراشقا باشلاپتۇ. ئۇ سەمەت قاسساپنىڭ تولۇمدەك سېمىز ئوغلىنى كۆتۈرۈپ مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن خۇددى توپنى ئاتقاندەك يەرگە ئېتىۋېتىپتۇ-دە، پۈتۈن خالايىقنى هەيران قالدۇرۇپتۇ. دېمەك، ئەمەت ساتىراشنىڭ ئوغلى چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرغانىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپتۇ...

مەلۇم هۈنەر-كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش، هۈنەر ئىگىلەش خاسىيەتلىك ئىشلار جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. خەلقىمىز ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋهىرى بولغان ماقال-تەمسىللەردە هۈنەرلىك بولۇشنىڭ خاسىيىتى، پەزىلىتى، پايدىسى، ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان هۈنەر-كەسپكە قانداق مۇئامىلە قىلىش هەققىدىكى مەزمۇنلار خېلى كۆپ بولۇپ، خەلق ئارىسىدا شۇ قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئوغۇل بالىغا 72 خىل هۈنەر ئازلىق قىلىدۇ»، «بىلىم — يېنىپ تۇرغان چىراغ، هۈنەر — ئېقىپ تۇرغان بۇلاق»، «هۈنەر بولسا قولۇڭدا، نان تېپىلار يولۇڭدا»، «هۈنەرلىك ئۆلمەس، هۈنەرسىز كۈن كۆرەلمەس»، «هۈنىرى يوق كىشىنىڭ مەززىسى يوق ئىشىنىڭ»، «بىر هۈنەر مىڭ ئەيىبنى يېپەر»، «گۆهەرلىك بولۇشتىن هۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق»، «هۈنىرى بار قول ئۆلمەس»، «ئۇستا هۈنەرۋەنگە هەممە يول ئوچۇق» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ناهايىتى كەڭ ئومۇملىشىپ ئومۇمىي ساۋاتقا ئايلانغان. مۇشۇ قاراشلارنىڭ تۈرتكىسىدە خەلقىمىز بالىلىرىنى هۈنەرلىك قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىدۇ، هۈنەر-كەسپ ئىگىلىرىنى چوڭ كۆرۈپ هۆرمەتلەيدۇ. ساتىراشلارنى «پاكىزلىق ئەلچىسى» دەپ قاراپ ئالاهىدە هۆرمەت قىلىدۇ. شۇڭا «ساتىراش ئۆلمىسە ئەر كىشى قېرىمايدۇ» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان.

ساتىراشلىق ئالەم بىنا بولغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋلادلىرى تۇنجى بولۇپ شۇغۇللانغان هۈنەر-كەسپ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، بالىلىرىنى ساتىراشلىققا شاگىرتلىققا بېرىدىغانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى ساتىراشلار پەرزەنتلىرىگە ئۆزىنىڭ هۈنىرىنى ئۆگىتىدۇ هەم پەرزەنتلەرمۇ «ئاتا مىراس كەسپ» دەپ ئىخلاس ۋە ئىجتىهات بىلەن ئۆگىنىدۇ. شۇڭا «ئاتا كەسپى بالىغا مىراس» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان. ساتىراشلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزلىرى ئالدىنقىلاردىن ئۆگەنگەن هۈنىرىنى تەلەپكار شاگىرتلارغا ئۆگىتىپ تۇرغانلىقتىن، ساتىراشلىق تا بۈگۈنگىچە سىجىل داۋاملىشىپ كەلدى هەم كۈنسېرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى.

هۈنەرۋەنلەرنى هۆرمەتلەپ، ئۇلارغا بالىلىرىنى شاگىرتلىققا بەرگەندە مەخسۇس داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ساتىراشلىققا شاگىرتقا كىرگەن شاگىرتلار هۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇستازىنى هۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ جەهەتتە ئۇستازىغا هۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق، ئۇستازىنى بىۋاستە ئىسمى بىلەن چاقىرماسلىق، ئۇستاز ئۇستىدىن شىكايەت قىلماسلىق، ئۇستازىغا قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇستازىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق، ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىق، بىللە هۈنەر ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلار بىلەن ئەپ بولۇش قاتارلىق بىر قاتار قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ، شۇڭا ساتىراشلىققا شاگىرتقا كىرگەنلەر ئۇستازىنىڭ نامىنى ئۇدۇللا تىلغا ئېلىپ چاقىرماي «ئۇستام» دەپ چاقىرىدۇ، ئۇستازىغا گەپ قىلغاندا ئەدەپ ۋە هايا بىلەن گەپ قىلىدۇ، بۇ ساتىراشلارنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزىدىن بۇرۇن هۈنەر ئۆگەنگىلى كەلگەن ياكى ياشتا چوڭلارنى هۆرمەتلەيدۇ، شاگىرتلار ساتىراشلىق قورال-سايمانلىرىنى تالاشمايدۇ، ئۇستامنىڭ يېتەكچىلىكىدە هۈنەرنى پۇختا ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. شاگىرتلار هۈنەرنى پۇختا ئۆگىنىپ ئۆز ئالدىغا چاچ، ساقال-بۇرۇتلارنى ئۆلچەملىك ياسىيالايدىغان بولغان ۋاقىتتا، ئۇستىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئۇستىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا هۈنەر قىلىدۇ، شاگىرتلار دۇكان ئايرىش ياكى ئۆز ئالدىغا ساتىراشلىق قىلىشنى باشلاش ئالدىدا ساتىراش ئۇستاملار شاگىرتىنىڭ دۇكان ئايرىپ ئىش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەپ، شاگىرتىغا بىر يۈرۈش ساتىراشلىق سايمان-جابدۇقلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ...

(ئاپتور: پەيزاۋات ناهىيەسى گۈللۈك يېزىسى ئاقتوقاي كەنتىدە، دېهقان)

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**

# پەيزاۋات مەشرەپلىرىدىكى خاسلىقلار



نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى

پەيزاۋات تەۋەسى قەشقەر مەشرەپلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ مەشرەپ ئەنئەنىسى قويۇق، مەشرەپ مەدەنىيىتى رەڭدار بولغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، پەيزاۋات ھاكىمبەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى يۇرت-مەھەللىلەردە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان مەشرەپلەر ئوينىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: «ياشلار مەشرىپى»، «ياشانغانلار مەشرىپى»، «خوتۇن-قىزلار تونەك مەشرىپى»، «كىتابخانلىق مەشرىپى»، «باراۋەت مەشرىپى»، «قوغۇن مەشرىپى» قاتارلىقلار.

1940-يىللارنىڭ بېشىدا قىزىلبويىنىڭ «قوغان» دېگەن يېرىدە پېشقەدەم مەشرەپچىلەر بىرلىشىپ «مەشرەپ قوللانمىسى» ناملىق بىر ماتېرىيال يېزىپ چىققان. بۇ ماتېرىيال شۇ يەرلىك مائارىپچى، مەشرەپلەردە ئۇزاق يىل «مىرشاپ» بولغان قايىم ئىمىننىڭ قولىدا ساقلانغان. 1981-يىلى ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ يېتەكلىشىدە «قوغان ياشلار مەشرىپى» ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 20 گە يېقىن ئادەم ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ئەينى چاغدىكى «تەنتەربىيە مەيدانى»دا بىر قانچە مەيدان مەشرەپ ئويناپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «غولتوغراق»، «ئۆدەكلىك»، «خوشاۋات» قاتارلىق يېزىلارغا بېرىپ مەشرەپ ئويناپ، يەرلىك مەشرەپلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا كۈچ قوشقان.

پەيزاۋات تەۋەسىدىكى مەشرەپلەر «قىزىلبويى دەرياسى» ۋە «پەيزاۋات دەرياسى» ۋادىسىغا مەركەزلەشكەن. بۇ دائىرىگە: مىشار، قىزىلبويى، جانباز، يېڭى مەھەللە، تېرىم، خۇشاۋات، غولتوغراق يېزىلىرى جايلاشقان. بۇ تەۋە پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىنىڭ 75%نى ئىگىلەيدۇ. يەنە «قىزىل دەريا» نىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۆدەكلىك يېزىسىنىڭ مەشرەپ ئويناش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىدىكى يېزا-بازارلار بىلەن ئوخشايدۇ. «قىزىل دەريا»نىڭ شىمالىدىكى ئىككى يېزا، بىر بازارنىڭ مەشرەپ ئەنئەنىسى يۇقىرىقى رايونلاردەك قويۇق ئەمەس.

پەيزاۋات تەۋەسىدىكى مەشرەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىش-ئەمگەك جىددىي بولمايدىغان پەسىللەرگە مەركەزلەشكەن، تېرىقچىلىق، يىغىم جىددىي بولىدىغان باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىدە بولسا مەشرەپ ئاز ئۆتكۈزۈلگەن ياكى ئۆتكۈزۈلمىگەن.

پەيزاۋات «قوغۇن يۇرتى» دەپ شۆھرەت قازىنىپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ تەۋەدىكى مەشرەپلەردە

قوغۇن بىلەن ئـالاقىدار مـەزمۇنلار، قـوشاقلار، ئـويۇنلار كۆرۈنەرلىك كۆپ بولغان ۋە خـاس ئـالاھىدىلىك بـولۇپ قالغان.

### پەيزاۋات تەۋەسىدىكى يەرلىك مەشرەپلەر

پەيزاۋات تەۋەسىدىكى «مەشرەپ»لەرنىڭ تۈرى بىر قـەدەر كۆپ، لېكىن بۇ يـەردە بـىر قـەدەر مـەشھۇرراق بولغان يەتتە تۈرلۈك يەرلىك مەشرەپنىڭ ئوينىلىش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

### «قوغان ياشلار مەشرىپى»

«قـوغـان» نـامـى «قـورغـان» نـامىدىن كـەلگـەن. «قـورغان»، «قـىرغىز مـەھەللىسى»نىڭ كېلىپ چـىقىشى تـوغرىسىدا «قـوغان كـۆلبېشى رىۋايـىتـى» نـاملىق بـىر يەرلىك رىۋايەت ساقلانغان. بۇ يەر ئازادلىقتىن بۇرۇن بىر چوڭ بـەگلىك يۇرت بـولغان. 1951 ـ يـىلى «قـوغـان 2 ـ رايون» نامىدا بىر رايـون قـۇرۇلغان. ئۇنىڭ تـەۋەلىكىگە هازىرقى مىشار يېزىسىنىڭ «ئويتوغراق» تـەبىئىي كـەنتى، قـىزىلبويى يـېزىسىنىڭ «قـارا يـانتـاق»، «سـەمـەن»، «قوغان»، «ئـايدۆڭ»، «دوڭ چـاقار»، «ئـاپخانلىق»، «مونورا» تەبىئىي كەنتلىرى، شـاپتۇل بـازىرىنىڭ «ئـاقىرىق»، «كاۋىچى»، «چايلا» تـەبىئىي كـەنتلىرى، جـانباز يېزىسىنىڭ «گاھال»، «كىچىك جانباز»، «ساڭ لەنگەر» تەبىئىي كەنتلىرى ئايرىپ بېرىلگەن. چۈنكى بـۇ يـۇرتلارنىڭ سۈيى «قىزىلبويى جىلغىسى»دىن ئـايرىلغان. سۇغىرىش رايوننى ئاساس قـىلىپ قـۇرۇلغان. 1954 ـ يـىلى بـۇ رايون ئەمەلدىن قالغان، قورغان رايونىنىڭ قىزىلبويى يېزىسىغا تەۋە كەنتلىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم «كوپېراتىپ»لار قۇرۇلغان، كېيىن «باشقۇرۇش رايـونى»، «كـىچىك كوممۇنا» بولغان. 1966 ـ يىلىدىن كېيىن كـەنتلەرگە بـۆلۈنگەن. 1984 ـ يىلىدىن كېيىن «قوغان كەنتى» بەزىدە چوڭ، بـەزىدە كىچىك كەنت بولغان. شۇ سەۋەبتىن «قوغان» نامى بۇ يـەردىكىلەرنىڭ ئـانا يۇرتى بـولۇپ قـالغان. «قـوغان ياشلار مەشرىپى» پەيدىنپەي مۇكەممەل، رەتلىك هـالەتكە كـەلگەن. «قـوغان يـاشلار مـەشرىپى» 1936 ـ يـىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئوينىلىشقا باشلىغان. بۇ مەشرەپكە ئەينى چاغدىكى «جىلغا بويى» تەۋەسىدىن: قارا يـانتاق، كـاۋىچى، ئـاقىرىق، چـايلا، ئـايدۆڭ، سەمەن، قـوغان، دۆڭ چىقار، گاھال، جانباز، ساڭ قاتارلىق يـۇرتلاردىن يـاشلار كېلىپ ئىشتىراق قىلغان. مەشرەپ نۆۋەتى كۆپ چـاغلاردا 15 كۈندە بىر ئـايلانغان. مـەشرەپ نـۆۋىتى يـاشلار ئـۆز ئىختىيارى بىلەن تالىشىپ ئالغان. «مەشرەپ سـازەندىلىرى» — مەشرەپ بولغان يـۇرت ۋە ئـۆيگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ بارغان. ئارىلىق يـىراق بـولغاندا مـەشرەپ نـۆۋىتى كەلگەن ئۆيلۈك يىگىتلەر هارۋا ئـەۋەتىپ ئـەكەلدۈرگەن، هەر قېتىملىق مەشرەپ ئاخىرلاشقاندىن كـېيىن كـېلەر نۆۋەتلىك مـەشرەپ نـۆۋىتىنى بـەلگىلەشتە ئـىككى تـۈرلۈك ئۇسۇل قوللىنىلغان: بىرى، تەييارلىقى بـار شـەخسلەر ئـۆز ئاغزى بىلەن «يىگىتبېشى» ۋە بارلىق مـەشرەپ ئـەھلىگە ئېلان قىلغان. بـۇ ئـاساسلىق چارە بـولغان. يـەنە بـىرى، مـەشرەپ داۋامىدا «سـەۋەنلىك» ئـۆتكۈزۈپ، مـەشرەپ ئەھلى ئۇنىڭ «گۇناھى»دىن ئـۆتمىگەندە، «يـىگىتبېشى» بىلەن «قازى بەگ»لەر مەسلىھەتلىشىپ، مەشرەپ ئـەھلىگـە: كـېيىنكى نۆۋەتلىك مـەشرەپ بـېرىش مـەسئۇلىيىتىنى ئـۈستىگە ئـالسۇن، رازى بـولامسىلەر دەپ ئـېيتقاندىن كـېيىن، رازى بـولىمىز! دەپ جاۋاب بـېرىشكەن، مـەسىلە هەل بولغان. مەشرەپ ئەھلى شۇ كـۈنلۈك مـەشرەپ ئـاخىرلىشىش ئالدىدا نۆۋەتى كەلگەن كىشىنىڭ ئىسمى، مـەھەللىسى، مەشرەپ بولىدىغان كۈن نامىنى رەسمىي ئـېلان قىلغان. مىرشاپ قىزىقچىلىق بـولسۇن ئـۈچۈن، مـەشرەپ نۆۋەتى كەلگەن كىشىگە «ئامەت مۇكاپاتى» نـامى بـىلەن بىر قانچە خىل «ئويۇن» كۆرسەتكەن. بەزىدە يوغان بىر قاچا پولۇ بىر مۇنەك قىلىپ «مۇكاپات» ئـورنىدا ئـۇنىڭ ئاغزىغا لىققىدە سېلىپ قويغان. ئۇ پولۇنى يۇتالماي قىينالغـان، مـەشرەپ ئـەھلى كـۈلۈشكەن. بـەزىدە يـوغان بـىر پـارچە ئـۈستىخانسىز گـۆشنى پـوملاپ ئـاغزىغا كـەپلەپ قويغان، كۆپچىلىك كۈلۈشكەن. بەزىدە شاپىقىدىن ئـاجرىتىپ تەييارلانغان قوغۇن ئـېتىنى ئـاغزىغا لـىق كـەلگۈدەك كىسىپ قاپلاپ سېلىپ قويغان... مەشرەپ بـاشلىنىش ئالدىدا ئاۋۋال «يىگىتبېشى»، «مـىرشاپ» يـاكى پـاششاپنى سايلاش، «يىگىتبېشى» بولغۇچى «قـازى بـەگنى كـۆرسىتىش» ھەمدە مەشرەپ داۋامىدا ھـەممە ئـادەم ئـوخشاش ئەمەل قىلىش زۆرۈر بـولغان قـائىدىلەرنى ئـېلان قـىلىش ئىشلىرى تولۇق ئورۇندالغان. مـەشرەپ داۋام قـىلىۋاتقان چاغدا بىر قانچە مىنۇتلۇق ئارام ئېلىشنى، مـەشرەپ قـائىدىلىرىگـە خـىلاپلىـق قـىلغۇچىلاردىن تـەلەپ قـىلىنغان

«جازا» ھەرىكەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنى «يىگىتبېشى» ۋە «قازى بەگ»لەر ئۈستىگە ئالغان. «پاششاپ» بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى: بىر ئادەم كەپتۇ، مەشرەپكە كىرسەم دەيدۇ، رۇخسەتمۇ؟ دەپ سوراش، «يىگىتبېشى» رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ كىشىنى باشلاپ كىرىپ ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىش؛ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنى «يىگىتبېشى» ياكى «قازى» بەگنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىش، ئۇنىڭ جازا ئىجرا قىلىشىغا نازارەت قىلىش؛ «يىگىتبېشى»نىڭ باشقا قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىقلار بولغان. «يىگىتبېشى»، «قازى» بەگنى قوللىغان.

«مەشرەپ قائىدىلىرى»: مەشرەپتە ئولتۇرۇش، سىرتقا چىقماقچى بولغاندا سوراش، كىرگەندە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، تۇتقان چاينى قوبۇل قىلىش ۋە قايتۇرۇش؛ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش، «گۇناھ» ئۆتكۈزگۈچى جازالىنىش، جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغاندا مەشرەپ ئەھلى «رازى بولدۇق» دېيىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «جازا » ھەرىكەتلىرى كۆپ خىل بولۇپ، مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈش، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنى توۋا قىلدۇرۇش، سەۋەن-خاتالىقنى ئىقرار قىلدۇرۇش، بۇنىڭدىن كېيىن تەكرارلىماسلىققا ۋەدە بېرىش مەقسىتىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تاملىرى: «سامسا يېقىش»، «ئىقرار قىلدۇرۇش»، «سۈرىتىنى سىزىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «قوغۇن يېدۈرۈش»، «ناخشا ئوقۇتۇش»، «ئۇسسۇلغا سېلىش» قاتارلىقلار بولغان. «مەشرەپ»لەر مۇزىكىسىز ئۆتمىگەن. مۇزىكىچىلارنى بۇ يەردە «سازەندىلەر» دەپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار: ئىسكىرىپكا، نەي، چاي، داپ، راۋاب، دۇتار، غېجەك، تەمبۇرلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ سازەندىلەر ھەر قېتىملىق مەشرەپ بولغان ئۆينىڭ تۆشۈك تەرىپىدە مەخسۇس ئورۇن ئالغان، بەزىدە يەردە ئولتۇرغان، بەزىدە كات ياكى چوڭ كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىشقان. كۆپ ھاللاردا ئىسكىرىپكىچى، داپچى، نەيچىلەر باشلاپ بەرگەن، قالغانلار ئەگەشكەن. «نەغمە» باشلانغاندا بىرەيلەن ئاۋۋال مۇقام ئېيتىش، ئاندىن ساز باشلاش، سازغا ناخشىنى تەڭكەش قىلىش، بەزىدە ئورۇننىڭ كەڭ-تارلىقىغا قاراپ بىر-ئىككى ئادەم ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئوقۇپ بېرىشلەر بولغان. بۇ خىل مەشرەپ ئەھلى كۆپ چاغلاردا 15 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەر بولغان. بەزىدە 60 ياشتىن ئاشقانلارمۇ قاتناشقان شۇڭا بۇ يەردىكى مەشرەپ «قوغان ياشلار مەشرىپى» دېيىلگەن، ھەر قېتىملىق مەشرەپكە كۆپ بولغاندا 60 نەپەر، ئاز بولغاندا 40 نەپەردەك ئادەم قاتناشقان.

### «يېڭىئاۋات ياشانغانلار مەشرىپى»

«يېڭىئاۋات» — ھازىر يېڭى مەھەللە يېزىسىغا تەۋە بىر چوڭ تەبىئىي كەنت بولۇپ، ئۆز ئىچىدىن ئۈچ كىچىك كەنت، 16 مەھەللىۋى گۇرۇپپىدىن تەركىب تاپقان. «يېڭىئاۋات ياشانغانلار مەشرىپى»نىڭ ئالاھىدىلىكى: بىرىنچىدىن، مەشرەپ ئەھلى ئىچىدە 60 ياشتىن ئاشقانلار 70% نى ئىگىلىگەن. بۇ ياشانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى پېشقەدەم كەنت كادىرلىرى، پېنسىيەدىكى خىزمەتچىلەر، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بولغان؛ ئىككىنچىدىن، «مەشرەپنى دولانچە ئويناش» ئامىللىرى روشەن ھالدا گەۋدىلەنگەن. چۈنكى بۇ تەۋەگە «دولانلىقلار» كۆچۈپ كېلىپ سانى كۆپەيگەن؛ ئۈچىنچىدىن، مەشرەپ ئويناش داۋامىدا نۆۋەتتىكى سىياسەت روھىنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن؛ تۆتىنچىدىن، مەشرەپ جەريانىغا زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى سىڭىپ كىرىپ، زامانىۋى تاراتقۇلار ياردىمى بىلەن مەشرەپ جەريانىنى «سىنئالغۇ»غا ئېلىپ كەڭ تارقىتىش ئەمەلگە ئاشقان. بۇ خىل «يېڭىلىق»لارنى «مەشرەپ» قوللانمىسىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

### «غولتوغراق قوغۇن مەشرىپى»

«غولتوغراق» — ناھىيە بويىچە كۆلىمى چوڭ بولغان ۋە «قوغۇن يۇرتى» دەپ ئاتالغان بىر مەمۇرىي يېزىنىڭ ھازىرقى نامى. ئازادلىقتىن بۇرۇن «بۇقەنە»، «شورجەينەك»، «قارا يۇلغۇن»، «غول تۇرا» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ يېزا تەۋەسىدە «لۈڭكۈ»، «كورۇك»، «چاڭزا» قاتارلىق ئۆتەڭلەر بار. «غولتوغراق» يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى «قىزىل دەرياسى» نىڭ ئاياغ ئېقىنى بۇرۇلۇشىدىكى «شور جەينەك» كەنتىگە ئورۇنلاشقان. ھازىر «بازار كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر بۇ يەردە — جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سودا تىجارىتى ئەڭ جانلىق بولغان «پەيزاۋات

قوغۇنى» بازىسى ۋە قوغۇن سېتىپ چىقىرىش بازىرى بار، پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا «غولتوغراق قوغۇن مەشرىپى» پەيزاۋات مەشرەپلىرىنىڭ سەرخىلى ۋە سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ 1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت پونكىتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «مەشرەپ خاتىرىسى»گە ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بولىدۇ. بىرىنچى، مەشرەپ ئەھلى ئاساسەن ئەرلەر، لېكىن يېزا - كەنت كادىرلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاياللار، بىر قىسىم سەنئەتكار ئاياللارمۇ قاتناشقان. شەكلى «تىياتىر» شەكلىدىرەك بولغان. ئادەم سانى 100 دىن كۆپرەككە يەتكەن. ناھىيە رەھبەرلىرى، يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن بىر قانچە ۋەكىل قاتناشقان. مەشرەپ جەريانى «سىنئالغۇ»، «ئۈنئالغۇ»لاردا خاتىرىلەنگەن؛ ئىككىنچى، مەشرەپ قائىدىلىك ئۆتكۈزۈلگەن. «پېشقەدەملەردىن «يىگىتبېشى»، «قازى بەگ»، «پاششاپ» سايلانغان. سازەندىلەر ئەينى چاغدىكى «يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى»نىڭ سازەندىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار ئىچىدە بۇرۇنقى كونا سازەندىلەرمۇ بولغان. «مەشرەپ جازاسىنى» ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ كونا مەشرەپچىلەر بولغان. بۇ — ئەمەلىيەتتە «مەشرەپ» ئەنئەنىسىنى كونىلاردىن يېڭى ياشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر قېتىملىق سىناق بولۇپ قالغان؛ ئۈچىنچى، غولتوغراق «داڭلىق قوغۇن قارا كۆسەن»نىڭ ئانا ماكانى. بۇ يەردە «پەيزاۋات قوغۇنى»نىڭ ھەممە تۈرلىرى بار... مەشرەپتە «قوغۇن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى كۆپ. مەسىلەن: «چاي تۇتۇش»، «پوتا ئويۇنى»، «جازا ئىجرا قىلىش» داۋامىدا قوغۇن قوشىقى، قوغۇن رىۋايىتى، قوغۇن بىلەن مېھمان قىلىش، قوغۇن سودىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. «غولتوغراق قوغۇن مەشرىپى»نىڭ باشقا تەرەپلىرى ئەنئەنىۋى مەشرەپلەرنىڭ ئورتاق قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئوخشايدۇ.

### «ئۆدەكلىك دولان مەشرىپى»

«ئۆدەكلىك» — پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەرقىي چېگراسىغا ئورۇنلاشقان بىر يېزا. تەبىئىي كۆل، كۆلچەكلەردە ياۋا ئۆدەكلەر كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئىلگىرى بىر مەھەل «بورىچى» دەپمۇ ئاتالغان. ئون تەبىئىي كەنتى بار، نوپۇس 20 مىڭدىن كۆپرەك. ئاياغ تەرەپتىكى تۆت كەنتتە دولانلار ئولتۇراقلاشقان. دولان مەشرىپى — مۇشۇ كەنتلەردە كۆپرەك ئوينىلىپ كەلگەن ۋە يەرلىك مەشرەپكە ئايلانغان. «ئۆدەكلىك دولان مەشرىپى»نىڭ ئويناش ئۇسۇللىرى مارالبېشى، مەكىت، يوپۇرغا تېرىم مەشرەپلىرىدىن ئۆلگە ئالغان ھالدا يەرلىكلەشكەن. مەشرەپ ئەھلى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ كۆپ ھاللاردا «پاقلان گۆشنى» ئەمەس، بەلكى «ئوغلاق گۆشى»نى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتىنى مەشرەپكە كۆچۈرۈپ كىرگەن. مەشرەپ داۋامىدا «پۈتۈن پىشۇرۇلغان ئوغلاق كاۋىپى»، «پولۇ ۋە ئۈستىگە باسقان ئوغلاق گۆشى» بىلەن غىزالانغان. مەشرەپ باشلانغاندا، دولان مۇقاملىرىنى تۈۋلىغان. دولان سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينىغان، بۇ يېزا - غەرب تەرەپتە «غولتوغراق» بىلەن تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن يەنە «غولتوغراق قوغۇن مەشرىپى»نىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئۆزلەشتۈرگەن. «قوغۇن» مەزمۇنىدىكى بېيىت قوشاقلارنى كۆپرەك ئېيتقان، كۈز، قىش پەسلىدە كۆپرەك ئوينالغان، بەزىدە ھەپتىدە بىر قېتىم، بەزىدە 15 كۈندە بىر قېتىم ئوينالغان.

### «خۇشاۋات باراۋەت مەشرىپى»

«باراۋەت» — ئەسلى پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ قوي، كالا سېتىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ گۆشنى پىشۇرۇپ، نامرات، يېتىم، غېرىب، مېيىپلەرنى چاقىرىپ بىرلىكتە ئېغىز تېگىدىغان يىغىلىش بولۇپ، بۇ ناھىيەنىڭ ھەممە يېزا - بازارلىرىدا ئانچە - مۇنچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. خۇشاۋات يېزىسىنىڭ باغچە، بىنەم، دەريا بويى، بازار... قاتارلىق كەنتلىرىدە يەرلىك مەشرەپلەرگە «باراۋەت» قىلىش ئادەتلىرىنى كىرگۈزگەن. شۇ سەۋەبتىن مەشرەپ ئەھلى كۆپ چاغلاردا، مەشرەپنى «ئاخشام»غا ئەمەس بەلكى «چۈشتىن كېيىن» كۈندۈزگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بالدۇر قايتىدىغان بولغان. مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل، پوتا ئويۇنى، جازا ئويۇنلىرىنى بۇرۇنقىدىن ئازايتقان. ۋەز - نەسىھەت كۆپرەك بولغان.

دېمەك: پەيزاۋات مەشرەپ مەدەنىيىتى — قەشقەر

مەشرەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن، 2010 - يىلىدىن كېيىن زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلغان يېڭى شەكىلدىكى «مەشرەپ»لەر ھەممە يېزىلاردا بارلىققا كەلدى. ھازىرقى يېڭى مەشرەپلەر بۇرۇنقىدەك شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئەمەس، بەلكى يېزىلىق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت زاللىرىدا، ئاممىۋى خاراكتېرلىك، ئەر - ئايال، قېرى ياش ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە قاتنىشىدىغان، نومۇرلار ئالدىن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈپ ئورۇنلىنىدىغان، سازەندىلەر، سىنئالغۇ، سىنقويغۇلار بىرلەشتۈرۈلگەن، ياڭراتقۇلار سەپلەنگەن، ئەمما ئولتۇرىدىغان ۋە ئويۇن كۆرسىتىلىدىغان سەھنە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەيدانلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. «مەشرەپ» داۋامىدا ئويۇن كۆرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، غىزا تارتىلمايدۇ. شۇڭا بۇ مەشرەپلەرنى «تىياتىر شەكلىدىكى مەشرەپ» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈنكى مەشرەپلەر بۇرۇنقىدەك خەلق باشقۇرۇشىدا بولماستىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى «ئاممىۋى مەدەنىيەت»كە ياتىدۇ. ئاما ئۇچۇن مەدەنىيەت مۇلازىمىتى قىلىش بولسا — ئەڭ مۇھىم مەقسەت ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەد سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىدە)

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

## «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئەقىل، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، ئاغرىقلارغا شىپا بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2018 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن

نومۇرى: CN65 — 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 — 58
تېلېفون نومۇرى: 4554017 — 0991
E−mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى